# ئۆلىمالار
# olimalar

انما يخشى الله من عباده العلماء

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ.



2023-يىللىق 1-سان، ئومۇمىي 7-سان

— يېرىم يىللىق دىنىي ژۇرنال —

ئۆلىمالار
olimalar

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ نەشر ئەپكارى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ YAYINLARI
منشورات وأفكار اتحاد علماء تركستان الشرقية
PUBLISHER OF THE EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION


بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

# مۇندەرىجە


سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى.......................................................
دوكتور ئالىمجان بۇغدا ............................................................... (1)

ئاتالمىش «قۇرئانچىلار»نىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە .................................
مۇھەممەد يۈسۈپ ....................................................................... (4)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە ....
ئابدۇلئەھەد ھاپىز ...................................................................... (9)

سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن ئالاقىسى ..............................................
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي ........................................................... (19)

ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى ...............................................
مۇھەممەد يۈسۈپ ...................................................................... (23)

ھازىرقى زاماندىكى «قۇرئانچىلار» ئايەتلەرنىمۇ ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر ......................
سىراجىددىن ئەزىزىي....................................................................... (31)

«پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا قۇرئاننى يەتكۈزۈش» دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە
ئابدۇلئەھەد ھاپىز....................................................................... (35)

ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ھەدىس (3): ھەدىس ئىلمىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ ئۆلى.......................................... ئابدۇسالام تەكلىماكان (53)

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى بىر قىسىم پائالىيەتلىرى ................................................................... (66)

كېرىيە ھېيتگاھ جامەسى....................................................................... (70)



2023-يىللىق
1-سان
(ئومۇمىي 7-سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
دوكتور ئالىمجان بۇغدا

باش مۇھەررىر:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئىتى:
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي
ئابدۇرېھىم دۆلەت
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇسالام تەكلىماكان
ئابدۇلئەھەت ئۇجات
تاھىرجان ئابباس

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:
ئىستىقلال مېدىيا
www.istiqlalmedia.com



0212 540 31 13
Adres: Kemalpaşa Mahallesi 1. Biga Sokak No: 27 Daire:5
Küçükçekmece/İstanbul
www.olimalar.org
emalarjournili@gmail.com

# كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتورلار سەمىگە

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنىلىمىز 4-يىلىنى تاماملاپ، 5-يىلىغا قەدەم قويدى. بۇ جەرياندا تەھرىر ھەيئىتىدىكى قېرىنداشلارنىڭ ۋە ھۆرمەتلىك ئاپتورلارنىڭ تىرىشچانلىقى، شۇنداقلا قىممەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ژۇرنىلىمىز كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلدى.

خۇددى بىز تۈنجى ساندا ئەسكەرتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىز مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزگە توغرا دىنىي مەلۇماتلارنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش، مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش، قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى ئاساسىي نىشان قىلغان.

مەزكۇر ژۇرنال ھەرقايسى ساھەلەردە قەلەم تەۋرىتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەلقىمىزگە ئېيتماقچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى، ئورتاقلاشماقچى بولغان مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن ھازىرلانغان ئەركىن سەھنە بولۇپ، ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىنداش! سىزنىڭ ژۇرنىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ساپاسىنى كۆتۈرۈش ھەققىدە پىكىر-تەكلىپلەرنى بېرىپ، بىزنى يېقىندىن قوللاپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىنى ھەدىس شەرىف ھەققىدىكى يازمىلارغا خاس قىلدۇق.

ھۆرمەت بىلەن:

«ئۆلىمالار ژۇرنىلى» تەھرىراتى



# سۈننەت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

دوكتور ئالىمجان بۇغدا
شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى

بارچە ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئۇلۇغ ئاللاھقا بولسۇن! سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت-سالام يوللايمەن.

جانابىي ئاللاھ ئىنساننى ئاپىرىدە قىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇلارنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويمىدى. ھەر دەۋردە ئىنسانلاردىن ئۆزىنىڭ تەلىمات ۋە يول يورۇقلىرىنى يەتكۈزىدىغان پەيغەمبەر ۋە يولباشچىلارنى يوللاش ئارقىلىق، ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن دۇنيادا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان پىرىنسىپلارنى ئۆگەتتى، ئەسلىتىپ تۇردى. پەيغەمبەرلەر ھەر دەۋردە ئىلاھىي تەلىمات ۋە يول يورۇقلارنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرى قوبۇل قىلىش، ئىجتىمائىي ھاياتىغا تەتبىقلاش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئۆرنەك بولدى.

تۇنجى ئىنسان ۋە تۇنجى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئائىلىۋى، سىياسىي جەھەتتىكى تەتبىقلاشلىرى ۋە پوزىتسىيەلىرى، قىسقىسى ھاياتىدىكى بارلىق ئىش-ئىزلىرى ئۆز ئەتراپىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئائىلىۋى، سىياسىي ھاياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۆچمەس ئىزلار قالدۇردى. يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇتقان يوللىرى ئۇ پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى ۋە باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن ئەگىشىدىغان يول (سۈننەت)، ئىنسانلارنىڭ ھايات مىزانى، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىسى بولۇپ شەكىللەندى. ھەر يېڭى كەلگەن پەيغەمبەر ئالدىنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى تەكىتلەش، ئەگىشىش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، زامان ئىچىدە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىلاھىي تەلىماتقا ۋە ئىنسان فىترىتىگە زىت ھالەتتە قوشۇۋېلىنغان، ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بىدئەت-خۇراپاتلىقلارنى تازىلاپ تۇردى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق پەيغەمبەرنىڭ تۈگەنچىسى بولۇپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنى، ئىلاھىي كىتابلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تەستىقلاش ۋە ئەگىشىش بىلەن بىرگە، ئىنسانلار

ئۆزلىرى قوشۇۋالغان، ئىسلام دىنىغا زىت بولغان شېرىك ، بىدئەت-خۇراپاتلىقلارنى رەت ۋە تەنقىد قىلدى. بارلىق ئىنسانلارغا ئاللاھ رازى بولغان ۋە قىيامەتكىچە كۈچكە ئىگە بولغان ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ھاياتىغا تەتبىقلىدى، باشقىلارغا ئۈگەتتى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئەتراپىدىكى يارەنلىرىگە كۆرسەتتى، پەيغەمبەرلىك ھاياتى بويىچە بۇ تەلىماتلارنىڭ كۆزەتكۈچىسى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرى، سۆزلىرى ۋە ئىش-ئىزلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ھاياتىغا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى» ئاساسىدا ئورۇنلاشتى، ئۆزلەشتى، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا سۆز ۋە ئەمەلىي ھەرىكەت ئاساسىدا ئىپىل ئەنئەنە ھالىتىگە كەلدى ۋە مۇسۇلمانلار تەڭداشسىز مەدەنىيەت شەكىللەندۇردى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە قاراڭغۇلۇق ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە قالغان نۇرغۇن مىللەتلەرمۇ ھەق-ھوقۇق ۋە ئادالەتتىن نېسىۋىسىنى ئالدى.

ئەرەبچىدە «يول، قانۇن، نىزام، ئۇسۇل، قائىدە، پوزىتسىيە، ئەنئەنە ۋە ھايات شەكلى» قاتارلىق ھەر خىل ئۇقۇم ۋە مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىدىغان «سۈننەت» تېرمىنى قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە دىنىي مەنبەلەردىمۇ مۇشۇ ئۇقۇملارنى چۆرىدىگەن ئاساستا ھەرخىل تەرىقىدە قوللىنىلغان.

ھەدىس تەتقىقاتچىلىرى (مۇھەددىسلەر) سۈننەتنى ئىسلام دىنىنىڭ ۋە دىنىي ئىلىمنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق سۆزلىرى، ھال-ھەرىكەتلىرى، مەسىلىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەلىرى، غازات ۋە جەڭلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ھەتتا پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنقى ئىش-ئىزلىرى ۋە خۇي-مىجەزلىرىگىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بارلىق مەلۇماتلارنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ۋە بۇلارنى پاكىتلار بىلەن توغرۇلۇق، راستچىللىق ئاساسىدا رەتلەپ توپلاپ چىققان. ھەدىس مەجمۇئەلىرى دەۋرىمىزگىچە ئىشنىڭ ئەربابلىرى تەرىپىدىن ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم مەلۇمات خەزىنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىزمەت مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان كەرىمنى توغرا چۈشىنىشى ۋە دىنىنى توغرا ياشىشىغا مىسلىسىز تۆھپە قوشقان ۋە ئىسلام دىنىغا تۈرلۈك باتىل، خۇراپاتلارنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى توسۇپ قالغان.

فىقھشۇناسلار بولسا سۈننەتنى قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئىسلام شەرىئىتىدىكى بارلىق ھۆكۈملەرنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە كۆرۈپ، مەلۇم ئۇسۇل ۋە قائىدىلەر بويىچە مەسىلىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا دىققەت قىلغان ئاساستا، ھەدىسلەر ئىچىدىن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بولغانلاردىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك يولىنى يورۇتۇپ كەلگەن.

ئىسلام دىنىدا سۈننەت قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئىككىنچى مەنبەدۇر. سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئىزاھاتى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي تەتبىقىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئان كەرىمدە ھۆكمى بايان قىلىنمىغان مەسىلىلەردە ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم ئوتتۇرىغا قويۇش سالاھىيىتىگە ئىگە. سۈننەت قۇرئاننىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش ھەمدە ئۇنىڭ ھايات پەلسەپەسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تارىختىن بېرى مۇسۇلمانلار ئىچىدە قۇرئان ۋە سۈننەتنى توغرا چۈشىنىش، ئەڭ توغرىسىنى تېپىش، ئۇنى ھاياتقا تەتبىقلاش مەسىلىسىدە نۇرغۇن ئىختىلاپلار بولۇپ كەلگەن ۋە ھەتتا ھەرخىل پىكىر ئېقىملىرى مەيدانغا كەلگەن. مۇسۇلمان ئالىملار بۇ مەسىلە ئۈستىدە جىددىي ئىجتىھات قىلىش نەتىجىسىدە «ئۇسۇلى فىقھى» ئىلمىنى بەرپا قىلغان ۋە بۇ ئىلىم ئارقىلىق قۇرئان ۋە سۈننەتنى توغرا چۈشىنىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. «ئۇسۇلى فىقھى» ئىلمى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن دە-تالاشلار ھەل بولغان ۋە مۇسۇلمانلار كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، دۇنيا تارىخىدا ئىنسانىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن مىسلىسىز يېڭىلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

دەۋرىمىزدە بەزى كىشىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مەنىۋى دۇنيايىمىزنى بېيىتىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئورنىغا، كونىلىقنى چۆرۈپ تاشلاش تەشەببۇسى بىلەن ھەدىس، فىقھى، پەلسەپە ۋە لوگىكىغا ئوخشاش ئىلىملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلماقتا. بۇ پۇچەك ۋە بىرتەرەپلىمە قاراشلارنىڭ ھېچ قايسىسى مۇسۇلمانلارنىڭ دەردىگە دەرمان، يارىلىرىغا مەلھەم بولالمايدۇ. ئەكسىچە، مۇسۇلمانلارنى تېخىمۇ ئىچكى نىزالارغا سۆرەپ كىرىپ، بىرلىكىمىزنى پارچىلاپ، بىزلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇۋاتىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ يۇقىرىقى ئېقىملارغا مايىل كىشىلەرنى ئاندا-ساندا كۆرۈپ قالىمىز. ئەگەر بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۆز ساھەسىدە مۇتەخەسسىس بولغانلار ئۆز ئارىسىدا ئىلمىي ئاساستا تالاش-تارتىش قىلسا بولىدۇ. ئىلىم تالاش-تارتىش بىلەن ۋە تەپەككۇر بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ. خەلقىمىزنى بۇ ئىشنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، سۈنئىي كۆنتەرتىپ پەيدا قىلىش خەلقىمىزنى ختاي جاللاتلىرىغا قارشى كۆرەش قىلىشتىن ئۇزاقلاشتۇرۇۋاتىدۇ.

قىسقىسى، قايسى ھەدىسنى قەيەردە ئىشلىتىشنىڭ ئۆلچىمىنى تەپسىر، فىقھى ۋە كالام ئىلمىغا ئوخشاش ساھەلەرنىڭ ئۈستىلىرى ئالىملىرىمىز ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئىلىملەر ساھەسىدە مۇتەخەسسىس بولمىغانلارنىڭ مۇتەخەسسىس سەۋىيەسىدىكى ئالىملارنىڭ پىكىرلىرىگە ئەگىشىشى ئاقىلانىلىقتۇر.

# ئاتالمىش «قۇرئانچىلار»نىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە



ئۇستاز مۇھەممەد يۈسۈپ

## قۇرئانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

قۇرئانچىلار «بىزگە قۇرئان كۇپايە قىلىدۇ، ھەدىسكە ھاجىتىمىز يوق» دېگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەدىسنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق، قۇرئان كەرىمنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، ئايەتلەرنى ئۆزلىرى بىلگەنچە، ئۆز خاھىشى بويىچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلماقچى بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە راستچىل تەرجىمانى بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرغاندىن كېيىن، قۇرئان كەرىم ھەركىم ئۆزى خالىغانچە تەپسىر ۋە تەۋىل قىلالايدىغان بىر كىتابقا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يامان نىيەتلىك كىشىلەر قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى يولدىن چىقىرىدۇ.

تارىخشۇناسلار قۇرئانچىلارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردىكى خاۋارىجلارغا باغلايدۇ. چۈنكى سۈننەتنى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغانلار دەل شۇ چاغدىكى خاۋارىجلار بولۇپ، ئۇلار زىنا قىلغۇچىنى جازالاشقا ۋە ئاياغقا مەسھى قىلىشقا قارشى چىققان، بۇ ھەقتە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغانىدى. چۈنكى خاۋارىجلار شۇ زامانلاردا «بىزگە قۇرئان كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھەدىسنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ دەلىلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي كەلگەنىدى.

قۇرئانچىلارنىڭ يېقىنقى زامانلاردىكى بايراقدارلىرى ھىندىستاندا ئىنگلىز مۇستەملىكىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان غۇلام ئەھمەد قادىيانى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى مۇسۇلمانلارنى پارچىلاش ئۈچۈن، ھىندىستاندا غۇلام ئەھمەد قادىيانى دېگەن شەخسنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھەدىسنى ئىنكار قىلىدىغان مەزھىپىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بەزى نادان كىشىلەر ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ كەتكەن. ئەمما ئىسلام ئۆلىمالىرى قۇرئانچىلارنىڭ بۇ كۇفرىلىقىغا قاراپ تۇرمىغان، ئۇلارغا ئەجەللىك رەددىيەلەرنى بەرگەن ۋە قۇرئان كەرىمنى سۈننەتتىن ئايرىشقا

بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان.

غۇلام ئەھمەد قادىيانىدىن كېيىن پاكىستاندا ئابدۇللاھ جىكرالىۋى دېگەن بىرسى ھەدىسنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، «ئىسلام دىنىنىڭ مەنبەسى بىرلا قۇرئاندۇر» دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزى تەسىس قىلغان مەخسۇس ژۇرنالدا بۇ پىكىرنى تارقىتىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەدىسكە قارشى ھەرىكىتى ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## ھەدىس ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىككىنچى چوڭ مەنبەسىدۇر

ھەدىس (ياكى سۈننەت) قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق دەستۇرى، قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىنى شەرھلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانىدۇر. قۇرئاندىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەيدىغان ۋە بايان قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە سۈننەتتۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارغا ناماز ئوقۇشنى پەرز قىلغان بولسىمۇ، نامازنى قانداق، قانچە ۋاخ ۋە قايسى ۋاقىتلاردا ئوقۇشنى بايان قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھيىسىگە تايىنىپ، سۈننەتلىرى ئارقىلىق قۇرئاننىڭ مۇجمەل يەرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ناماز ۋە باشقا ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە-تەرتىپلىرى، سانى ۋە ئادا قىلىنىش ۋاقىتلىرىنى بېكىتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: «نامازنى خۇددى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[1] دەپ ئۆگەتكەن. زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەرمۇ شۇنداق.

«بىز قۇرئانچىلارمىز»، «بىز پەقەت قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىمىز»، «قۇرئان ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شوئارلارنى توۋلاپ يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشتىن باشقىنى ئويلىمىسا كېرەك. بۇ سۆزلەر «باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆزلەر»دۇر. چۈنكى «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز – ھەق سۆز بولۇپ، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قۇرئانچىدۇر. ئۇ قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى باتىلنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. ئۇ بولسىمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىكى مەقسەت-مۇددىئالارنى ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە شەرھلەپ بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، قۇرئاننى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنى پۈچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت نىجىس مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە

[1] ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى

ئاشۇرۇشتۇر! «سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق» دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ چىقىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىر زامان كېلىدۇكى، بىراۋ ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ ھەدىسلىرىمدىن بىرەر ھەدىس ئوقۇلغىنىدا، ‹سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، ئۇنىڭدا ھالال دېگەنلەرنى ھالال، ھارام دېگەنلەرنى ھارام دەپ بىلسەك بىزگە يېتىدۇ› دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان ئىشلارمۇ ئاللاھ ھارام قىلغانلارغا ئوخشاشتۇر!»[2].

«قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىپ، سۈننەتتىن بىھاجەت بولىمىز» دېگەن دەۋا بىلەن ئۆزلىرىنى «قۇرئانچىلارمىز» دەپ ئاتىۋالغۇچىلار ئەمەلىيەتتە قۇرئانچىلار ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشنى پەرز قىلغان. ﴿مَّن يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ ۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا﴾ «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. كىمكى (ئىتائەتتىن) باش تارتىدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»[3] بەلكى قۇرئان كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چىڭ تۇتۇشقا بۇيرۇغان ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلارنىڭ ئىمانىنى يوق سانىغان. ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاش توغرىسىدا ساڭا ھۆكۈم چىقارغۇزمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە دىللىرىدا قىلچە غۇم قالماستىن رازى بولمىغۇچە ۋە ساڭا پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[4].

## قۇرئان كەرىم سۈننەتتىن بىھاجەت بولالمايدۇ

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەنلەرنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن، دەپ چۈشۈردۇق»[5] دېگەن. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى قۇرئان ۋە سۈننەت ئىككىسى بىلەن بەرپا بولغان بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ سۈننەتكە بولغان ئېھتىياجى بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر ئېھتىياجلاردىن بىرىدۇر. ئىسلام ئۆلىمالىرى ساھابىلەرنىڭ زامانىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە بۇ ئىككى مەنبەنى ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ كەلمەكتە. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم. بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر. ئۇلار: قۇرئان

[2] ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.
[3] نىسا سۈرىسى، 80-ئايەت.

[4] نىسا سۈرىسى، 65-ئايەت.
[5] نەھل سۈرىسى، 44-ئايەت.

ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر»[6] دەپ كۆرسەتكەن.

سۈننەت قۇرئان كەرىمدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەپ بەرگۈچى، ئومۇمىي ھۆكۈملەرنى خاس قىلغۇچى ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىق قىلىشنى ئۆگەتكۈچى بىردىنبىر مەنبەدۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى قۇرئان كەرىمدە ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قائىدە-تەرتىپىنى، قانداق ئادا قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلمىغان، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايان قىلىپ بېرىشىگە تاپشۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ناماز ئوقۇشنىڭ قائىدىلىرىنى، ئۇنىڭ رەكئەت سانىنى، زاكاتنىڭ مىقدارىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ۋە ھەدىسلىرى ئارقىلىق بايان قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك، نۇرغۇن ئەھكاملار سۈننەت ئارقىلىق بەلگىلەنگەن. ئەگەر سۈننەت بولمايدىغان بولسا، بىز ئاللاھ تائالاغا قانداق ئىبادەت قىلىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىنى قانداق ئادا قىلىشنى نەدىن بىلەر ئىدۇق؟

## سۈننەتنى ئىنكار قىلغۇچىلار كاپىرلاردۇر

ئىبنى ھەزم[7] «ئەل ئىھكام فى ئەل ئەھكام» ناملىق ئەسىرىدە: «كىمكى ‹بىزگە قۇرئان كەرىم يېتىدۇ، قۇرئاندىكىلەرنىلا ئالىمىز› دەيدىكەن، مۇنداق ئادەم پۈتۈن ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ» دېگەن.

ئاجىرىي[8] «شەرىئەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 1-توم 412-بېتىدە مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىمدىكى پەرزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدۇ. بۇ بارچە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ سۆزلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى سۆزلىگەن ئادەم ئىسلام مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشتىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ۋە كۇففارلاردىن سانىلىدۇ».

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى ئىبنى باز مۇنداق دېگەن: «سۈننەتكە ھاجىتىمىز يوق، دېگۈچىلەر مۇرتەد بولغان شەكسىز كاپىرلاردۇر. چۈنكى سۈننەتنى ئىنكار قىلغانلىق قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىق، قۇرئان بىلەن سۈننەت ئىككىسىنىڭ قايسىبىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەم پۈتۈن ئۆلىمالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن كاپىر بولىدۇ»[9].

## ھەدىسلەرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن سەپسەتىگە

[6] ھاكىم رىۋايىتى.

[7] «ئىبنى ھەزم» (384ھ 994م) ئەندەلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە)دە دۇنياغا كەلگەن، زاھىرىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى، فىقھ، ھەدىس، ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە پەلسەپە ئىلىملىرىدە ئەتراپلىق يېتىشكەن، ئىمام تەبەرىيدىن قالسا ئەڭ كۆپ كىتاب يازغان، چوڭ ھەجىملىك 12 پارچە كىتابىنىڭ ئاپتورى، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بىرى، تەقلىدچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئىزچىل ئەگىشىش پىكرىنى جانلاندۇرغان، زالىم پادىشاھلارنىڭ مال-دۇنيا بېرىپ ئۆزلىرىگە تارتىشىغا كەلمىگەن ئاتاقلىق ئالىم. ھىجرىيە 456-يىلى شەئبان ئېيىنىڭ 28-كۈنى (مىلادىيە 1064-يىلى 15-ئىيۇل) ئالەمدىن ئۆتكەن.

[8] ئاجىرىي: ئەبۇبەكرى مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەين ئابدۇللاھ ئاجىرىي ھىجرىيە 280-يىلى باغدادتا دۇنياغا كەلگەن مەشھۇر فەقىھ، مۇھەددىس ئالىم، ئۇنىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك كىتاب يازغان، 360-يىلى مەككە مۇكەررەمە شەھىرىدە ۋاپات بولغان.

[9] «پەتىۋالار مەجمۇئەسى»، 2-توم، 403-بەت.

**رەددىيە**

قۇرئانچىلارنىڭ «ھەدىسلەر ئارىسىدا يالغان ھەدىسلەرمۇ ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، ھەدىسكە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى ئىسلام ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن مۇھەددىس ئالىملار تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئورۇنلۇق سۆز ئەمەس. ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسلەر ئىچىدىن راست ھەدىسلەرنى تاللاپ چىقىش خىزمىتىگە پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلگەن بولۇپ، يالغان ۋە شۈبھىلىك ھەدىسلەرنى ئاللىبۇرۇن پاش قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدىلا رەت قىلغان. ئىسلام دۇنياسىدا بۈگۈنگىچىلىك «يالغان ھەدىسلەر» دېگەن نام بىلەن يېزىلغان يۈزلىگەن ئەسەرلەر بۇنىڭ مىسالى. يىراق ئۆتمۈشلەردىن زامانىمىزغىچە ھەدىس نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان ھەر قانداق يالغان ياكى شۈبھىلىك ھەدىسلەر رەت قىلىنىپ كەلمەكتە.

مۇھەددىس (ھەدىسشۇناس) ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىسلەر ئىچىدىن راست-يالغانلىرىنى، ئىشەنچلىك ۋە ئىشەنچسىزلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىسپاتلاشتا ساھابىلارنىڭ زامانىدىن زامانىمىزغا قەدەر ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى ياراتقان كىشىلەردۇر. دۇنيا تارىخىدا مۇھەددىس ئالىملارنىڭ ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىشتا قوللانغان مېتود ۋە پرىنسىپلىرىنى ھېچقانداق بىر مىللەت، ھېچقانداق بىر ئىلىم ساھەسىدە قوللانغان ئەمەس. دۇنيادا ھېچقانداق بىر دىننىڭ مەنبەلىرى قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت قوغدالغاندەك قوغدالغان ئەمەس ۋە بۇ ئىككى مەنبە يېتىپ كەلگەندەك ئەينەن يېتىپ كەلگەن ئەمەس. مۇھەددىس ئالىملارنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى تولۇق بايان قىلىش ئۈچۈن تىل ئاجىز، كىتابلار يېتەرسىز قالىدۇ.

دەۋرىمىزدىكىگە ئوخشاش ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرى، تورغا ئوخشىغان ئىزدىنىش قورالى بولمىغان ئۆتمۈشتە مۇھەددىس ئالىملار بار ئىقتىسادىنى سەرپ قىلىپ، دۆلەتتىن دۆلەتكە ئاتلاپ يۈرۈپ، ھەدىس بىلىدىغان ئادەملەرنى ئىزدەپ، ھەدىس توپلاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقتىنى قۇربان قىلغانلىقى ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئۇلۇغ خىزمەت ئىدى. مۇھەددىس ئالىملارنىڭ پېشۋاسى ئىمام بۇخارىينىڭ مەككە-مەدىنە شەھەرلىرىدە 16 يىل تۇرۇپ ھەدىس توپلىغانلىقىمۇ بۇنىڭ مىسالى.

مۇھەددىس ئالىملار بىرەر ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا، شۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىرسىمان باغلىنىش ياكى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرەرسىنىڭ راستچىللىقىدا ياكى تەقۋالىقىدا ئازراق شەك كۆرۈلگەن ھامان ئۇ ھەدىسنى رەت قىلىپ كەلگەن. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھەدىسنى ياكى قانداقلا بىر خەۋەرنى ئېنىقلاشتىكى ۋايىغا يەتكەن ئېھتىياتچانلىقىغا ۋە ئىنتايىن ھوشيارلىقىغا ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان باشقا دىنىنىڭ ئالىملىرىمۇ قايىل بولۇپ كەلمەكتە.



# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە

ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ئۆزىنى «قۇرئانچى» دەپ ئاتىۋالغان ھەدىس ئىنكارچىلىرى ئەھلى سۈننە ئەقىدىسىنى يوقىتىش ۋە ئاخىرىدا ئىسلامنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار 14 ئەسىردىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ ئىنكار قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرماقتا. ئەنە شۇ قۇرئانچىلار ئىنكار قىلىۋاتقان مەسىلىلەردىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى بولۇپ، ئىنكارچىلار بۇ مۆجىزىلەرنى ئەقىلنىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، مۆجىزە سانالغان ئىشلارنىڭ دۇنيانىڭ تەبىئەت قانۇنىغا زىت كېلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەدىسلەردە كەلگەن. بۇ ئىنكارچىلار ھەدىس شەرىفلەرنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۆجىزىلەرنى بايان قىلغان ھەدىسلەرنى «خۇراپات، ئويدۇرۇلغان ھېكايىلەر» دەيدۇ. بۇ ئىنكارچىلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۆزىنى قۇرئانچى دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئىنكارچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان دىنلىرىدىن ئىبارەت باتىل دىنلارنى كۈچلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بۇ باتىل قاراشلىرىغا تەپسىلىي جاۋاب بېرىش ئارقىلىق، مۆجىزىلەرنىڭ ئەپسانە ئەمەس، ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمىز.

ئىنكارچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىشتىن ئاۋۋال مۆجىزىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئەھلى سۈننەنىڭ مۆجىزە ھەققىدىكى ئېتىقادىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

مۆجىزە كەلىمىسىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى «ئاجىز قالدۇرۇش» دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئاتالغۇسىدا «ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان پەۋقۇلئاددە ئىش» دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆزنى ئەرەبچىدە «خارق العادة» (ئادەتتىن تاشقىرى ئىش) دەپ ئىزاھلايدۇ.

مەيلى پەۋقۇلئاددە دەيلى ياكى ئادەتتىن تاشقىرى دەيلى، بۇ يەردىكى «ئادەت» سۆزى ئاللاھ تائالا كائىناتتىنا بېكىتكەن، پۈتكۈل ئىنسانلار بىلىدىغان تەبىئەت قانۇنى دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمدە «سۈننەتۇللاھ» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەر-ئايالنىڭ بىرلىشىشىدىن بالا دۇنياغا كەلگەندەك، باھار كەلگەندە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈنۈپ چىققىنىدەك، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسى تەبىئەت قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ. كائىناتتىكى پۈتكۈل مەۋجۇدات –ئىنسانلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە – بۇ تەبىئەت قانۇنى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. ھېچكىم تەبىئەت قانۇنىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا كۆرسىتىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ «مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىمەن» دېگەن سۆزىنى تەستىقلاش ئۈچۈن، پەيغەمبەر بولغان كىشىنىڭ قولىدا ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان، تەبىئەت قانۇنىدىن تاشقىرى بەزى پەۋقۇلئاددە ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتا كۆيمىگىنىدەك، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىنىڭ يىلانغا ئايلانغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ چىققىنىدەك... ئىشلارنى مۆجىزە دەيمىز.

كائىناتتىكى بارچە مەۋجۇداتنىڭ ھەرىكەت سىستېمىسى «سۈننەتۇللاھ» (ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى) بولغاندەك، مۆجىزىلەر ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىشمۇ ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاش، ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا كۈچلۈك قىلىش ۋە ئىنسانلارنىڭ «بىلمەپتىمەن» دەپ باھانە كۆرسىتىش يولىنى تاقاپ، ئىمان كەلتۈرمىگەنلەرنىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغانلىقىغا، ئىشەنمىگەنلىكىگە پاكىت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرگە ھەرخىل مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇ مۆجىزىلەر ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى ۋە خاھىشى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.

مۆجىزىگە بولغان ئېھتىياج

پەيغەمبەرلەر بىزگە ئوخشاش ئىنسان. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغانلىقىنى دەۋا قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ياكى يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئۈچۈن مۆجىزىگە ئېھتىياج بار. چۈنكى ئىنسانلار مۆجىزىنى كۆرگەندە، بۇنىڭ ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۆجىزە بېرىلگەن كىشىنىڭ

ھەق پەيغەمبەرلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە قالمايدۇ. شۇ چاغدا ئىنسانلار يا كۆرگەن ھەقىقەتكە باش ئېگىپ، پەيغەمبەرگە ئەگىشىدۇ ياكى بويۇنتاۋلىق قىلىپ كۇفرىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا ھەر كىشى ئۆز تاللىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

ئەھلى سۈننەنىڭ مۆجىزە ھەققىدىكى ئەقىدىسى

ئەھلى سۈننە ئەقىدىسىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسىگە ئىشىنىش پەرز. چۈنكى قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەر مۆجىزىنىڭ ھەقلىقىنى بايان قىلىدۇ. مۆجىزىلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، مۆجىزە يوق دېيىش كۇفرىلىقتۇر. چۈنكى ئۇ مۆجىزە ھەققىدىكى ئايەت-ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. مۆجىزىلەرنىڭ بەزىسىنى قوبۇل قىلىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلىش چوڭ گۇناھتۇر.

مۆجىزە ئىنكارچىلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە

1. ئۇلار «مۆجىزە كەلىمىسى قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە يوق، بۇ سۆز كېيىن پەيدا قىلىنغان» دەيدۇ.

توغرا، «مۆجىزە» كەلىمىسى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئىشلىتىلمىگەن. بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكى مۆجىزىنىڭ يوقلۇقىنى ياكى مۆجىزىگە ئىشەنمەسلىكنى تەقەززا قىلمايدۇ. چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىستە نۇرغۇن مۆجىزىلەر بايان قىلىنغان ۋە ئۇ مۆجىزىلەر «ئايەت»، «بەيyinە» ۋە «بۇرھان» سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

«ئايەت» كەلىمىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئالامەت، بەلگە» بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە بىر نەچچە مەنىدە كەلگەن:

1) قۇرئان كەرىمدىكى مەلۇم جۈملە بىر ئايەت دەپ ئاتىلىدۇ. ﴿مَا نَنْسَخْ مِنْ آيَةٍ أَوْ نُنْسِهَا نَأْتِ بِخَيْرٍ مِنْهَا أَوْ مِثْلِهَا﴾ «قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز»[1].

2) «ئالامەت، بەلگە» مەنىسىدە. ﴿وَقَالَ لَهُمْ نَبِيُّهُمْ إِنَّ آيَةَ مُلْكِهِ أَنْ يَأْتِيَكُمُ التَّابُوتُ﴾ «ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتى: ‹ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ›...»[2].

3) «ئىبرەت، دەرس» مەنىسىدە. ﴿قَدْ كَانَ لَكُمْ آيَةٌ فِي فِئَتَيْنِ الْتَقَتَا﴾ «(بەدرىدە جەڭ ئۈچۈن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار...»[3].

4) «مۆجىزە» مەنىسىدە. ﴿قَالَ إِنْ كُنْتَ جِئْتَ بِآيَةٍ فَأْتِ بِهَا إِنْ كُنْتَ مِنَ الصَّادِقِينَ﴾ «پىرئەۋن (مۇساغا): ‹ئەگەر سەن بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلگەن بولساڭ، (بۇ دەۋايىڭدا) راستچىللاردىن بولساڭ، ئۇنى بىزگە كۆرسەتكىن› دېدى»[4].

«بەيyinە» كەلىمىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى «روشەن دەلىل-پاكىت،

[1] سۈرە بەقەرە، 106-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە، 248-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ئال ئىمران، 13-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە ئەئراف، 106-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بايان قىلىنغان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكى مەنىلەردە كېلىدۇ:

1) دەلىل-پاكىت. ﴿قُلْ إِنِّي عَلَى بَيِّنَةٍ مِنْ رَبِّي﴾ «ئېيتقىنكى، ھەقىقەتەن مەن رەببىم تەرىپىدىن نازىل بولغان روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمەن»[5].

2) مۆجىزە: ﴿قَدْ جَاءَتْكُمْ بَيِّنَةٌ مِنْ رَبِّكُمْ هَذِهِ نَاقَةُ اللَّهِ لَكُمْ آيَةً﴾ «سىلەرگە ھەقىقەتەن رەببىڭلار تەرىپىدىن (مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىسپاتلايدىغان) مۆجىزە كەلدى. مانا بۇ - ئاللاھ ياراتقان - چىشى تۆگىمۇ سىلەرگە مېنىڭ مۆجىزەمدۇر»[6].

«بۇرھان» كەلىمىسىنىڭ لۇغەت مەنىسى «ھۆججەت، دەلىل، پاكىت» دېگەن بولىدۇ. بۇ سۆز قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكى مەنىلەردە:

1) دەلىل-پاكىت. ﴿قُلْ هَاتُوا بُرْهَانَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ﴾ «ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار»[7].

2) مۆجىزە. ﴿فَذَانِكَ بُرْهَانَانِ مِنْ رَبِّكَ إِلَى فِرْعَوْنَ وَمَلَئِهِ﴾ «بۇ ئىككىسى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى چوڭلارغا رەببىڭ تەرىپىدىن كەلگەن مۆجىزىدۇر...»[8].

دېمەك، يۇقىرىدىكى «ئايەت، بەييىنە، بۇرھان» سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، مۆجىزىنىلا ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇنىڭ مۆجىزە مەنىسىدە كەلگەنلىكىنى ئۇ سۆزلەرنى ئىچىگە ئالغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ سىياقىغا قاراپ بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بەرگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنىلا ئىپادىلەش ئۈچۈن، «مۆجىزە» كەلىمىسىنى خاس ئاتالغۇ قىلىپ ئىشلەتكەن. بۇ ئاتالغۇ قاچان پەيدا قىلىنغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئەسىرلەردىن بېرى بىمالال ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. بۇ خۇددى قۇرئان كەرىمنى چۈشەندۈرىدىغان ئىلىمنى «تەپسىر»، دىنىي ھۆكۈملەرنى چۈشەندۈرىدىغان ئىلىمنى «فىقھى» دېگەندەك ئىلمىي ئاتالغۇ. ئاتالغۇلارنىڭ قۇرئان-ھەدىستە مەۋجۇت بولۇشى شەرت ئەمەس. ئىلىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يېڭى-يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئەيىبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. مەيلى قۇرئان كەرىمدە ئىشلىتىلگەن «ئايەت، بەييىنە، بۇرھان» سۆزلىرىنى ئىشلىتەيلى، مەيلى كېيىن پەيدا قىلىنغان «مۆجىزە» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتەيلى، مۆجىزە بار ۋە ھەقتۇر.

2. ئىنكارچىلار «مۆجىزە تەبىئەت قانۇنىغا زىت كېلىدۇ» دەيدۇ

تەبىئەت قانۇنىغا تەۋە بولغان ئىش مۆجىزە بولمايدۇ، بەلكى ھەممە ئادەم بىلىدىغان نورمال ئىش بولىدۇ. تەبىئەت قانۇنىنىڭ سىرتىدا بىر ئىش بولغاندا ئاندىن

[5] سۈرە ئەنئام، 57-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە ئەئراف، 73-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە بەقەرە، 111-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] سۈرە قەسەس، 32-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۆجىزە بولىدۇ. شۇڭا مۆجىزىنى پەقەت تەبىئەت قانۇنىنى ياراتقان ئاللاھ بەرپا قىلىدۇ، ئۇنى نە پەيغەمبەر، نە باشقا بىر ئىنسان مەيدانغا چىقىرالمايدۇ. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى يارىتىپ، ئۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىنى بېكىتكەنىكەن، ئۇ قانۇنغا خىلاپ مۆجىزە يارىتىشقا قادىردۇر. پەيغەمبىرىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ھەر پەيغەمبەرنىڭ قەۋمى ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ ئۇچىغا چىققان ئىشلارنى بېسىپ چۈشكەن مۆجىزىلەرنى كەلتۈرگەن. مەسىلەن: مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە سېھىرگەرلىك ئەۋج ئالغانىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سېھىرگەرلەرنىڭ سېھىرلىرىنى بەربات قىلىدىغان مۆجىزە بەردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالُوا يَا مُوسَى إِمَّا أَنْ تُلْقِيَ وَإِمَّا أَنْ نَكُونَ نَحْنُ الْمُلْقِينَ * قَالَ أَلْقُوا فَلَمَّا أَلْقَوْا سَحَرُوا أَعْيُنَ النَّاسِ وَاسْتَرْهَبُوهُمْ وَجَاءُوا بِسِحْرٍ عَظِيمٍ * وَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ فَإِذَا هِيَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ * فَوَقَعَ الْحَقُّ وَبَطَلَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ * فَغُلِبُوا هُنَالِكَ وَانْقَلَبُوا صَاغِرِينَ * وَأُلْقِيَ السَّحَرَةُ سَاجِدِينَ * قَالُوا آمَنَّا بِرَبِّ الْعَالَمِينَ * رَبِّ مُوسَى وَهَارُونَ﴾ «ئۇلار (يەنى سېھىرگەرلەر): ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن، ياكى بىز (ئۆزىمىزنىڭكىنى) ئاۋۋال تاشلامدۇق؟ دېدى. مۇسا: سىلەر تاشلاڭلار، دېدى. ئۇلار ھاسا، ئارغامچىلارنى تاشلاپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى باغلىدى، ئۇلارنى (يەنى كىشىلەرنى) قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى، ئۇلار (كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە) چوڭ (كۆرۈنىدىغان) سېھىرنى كۆرسەتتى. مۇساغا: ھاساڭنى تاشلىغىن، دەپ ۋەھيي قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ئۇ ئەجدىھاغا ئايلىنىپ) ئۇلارنىڭ ئويدۇرما نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى. ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى. بۇ يەردە ئۇلار (يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمى) مەغلۇپ بولدى، خار بولغان ھالدا (شەھەرگە قايتتى). سېھىرگەرلەر سەجدىگە باردى. ئۇلار دېدى: ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق. مۇسا ۋە ھارۇننىڭ پەرۋەردىگارىغا (ئىمان ئېيتتۇق)»[9].

سېھىرگەرلەر سېھىرنىڭ ھەقىقەتتىنى ئەڭ ياخشى بىلگەن كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىنىڭ سېھىر ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش بولمىغانلىقىنى ۋە بۇ مۆجىزىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن سۆزىدە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال ئىمان ئېيتىپ سەجدە قىلدى.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مېدىتسىنا، دوختۇرلۇق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانىدى. دوختۇرلار ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا

[9] سۈرە ئەئراف، 115-122-ئايەتلەر.

زامانىدا لايىق مۆجىزە بەردى. ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش ۋە بەرەس (ئاق) كېسەلنى ساقايتىش مۆجىزىسى بولۇپ، ئۇ نە ئۇ زاماندا، نە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ئەرەبلەر سۆزگە ئۇستا، پاساھەت، بالاغەتتە يۇقىرى پەللىگە چىققان، ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنى «ئەجەم»، يەنى «گاچا» دەپ ئاتايدىغان خەلق ئىدى. ئۇلار سۆز سەنئىتى بىلەن پەخىرلىنەتتى. بولۇپمۇ مەككىلىك ئەرەبلەر ناتىقلىقتا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. شۇڭا باشقا رايونلاردىكى ئەرەبلەر يازغان، ئېيتقان شېئىر ۋە نەسرلىرىنى مەككىدىكى شائىرلارغا باھالىتاتتى. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى مۆجىزە قىلىپ نازىل قىلدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى ئالدىدا مەككىنىڭ داڭلىق شائىرلىرى، ئەدىبلىرى گاچىلىشىپ قالدى. چۈنكى قۇرئاننىڭ ئىپادە ئۇسلۇبى ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئاللاھ تائالا بۇنى ئەرەبلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەبلەرگە: ئەگەر سىلەر قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توقۇپ چىققان دېسەڭلار، ھەممىڭلار بىرلىشىپ قۇرئانغا ئوخشاش پاساھەتلىك بىر كىتاب كەلتۈرۈڭلار، دېدى. ئەرەبلەر ئۇنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز قالدى. ئاندىن: قۇرئاننىڭ ئۇسلۇبىغا ئوخشاش ئون سۈرە كەلتۈرۈڭلار، دېدى. ئەرەبلەر ئۇنىمۇ كەلتۈرەلمىدى. ئاندىن ئاللاھ تائالا: ئەڭ قىسقا بىر سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈڭلار، دېدى. ئەرەبلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا ئوقۇمىغان، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر زات ئىدى. ئۇستا شائىرلار، داڭلىق ئەدىبلەر بىرلىشىپ، بىر سۈرىسىنى كەلتۈرەلمىگەن قۇرئاننى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلتۈرۈشى قانداق مۇمكىن بولىدۇ؟! بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى بۈگۈنگىچە ئوتتۇرىدا تۇرۇپتۇ.

دېمەك، قۇرئان ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چۈشۈرگەن مۆجىزىسىدۇر. بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرى ئۆزلىرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تۈگىگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاندىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىسى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ، تۈگىمەيدۇ، ھەر ئەسىردە ئۇنىڭ يېڭى-يېڭى سىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر مۆجىزە ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان كىشىنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلايدىغان نەرسە بولالمايتتى. چۈنكى ئۇنى باشقا ئىنسانلارمۇ قىلالايتتى، ئۇ چاغدا ئۇ ئىش مۆجىزە بولمايتتى. مۆجىزىنى پەيغەمبەر كەلتۈرەلمەيدۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزى

يارىتىدۇ، پەيغەمبەرنىڭ قولىدا ئاشكارا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالُوا لَنْ نُؤْمِنَ لَكَ حَتَّى تَفْجُرَ لَنَا مِنَ الْأَرْضِ يَنْبُوعًا * أَوْ تَكُونَ لَكَ جَنَّةٌ مِنْ نَخِيلٍ وَعِنَبٍ فَتُفَجِّرَ الْأَنْهَارَ خِلَالَهَا تَفْجِيرًا * أَوْ تُسْقِطَ السَّمَاءَ كَمَا زَعَمْتَ عَلَيْنَا كِسَفًا أَوْ تَأْتِيَ بِاللَّهِ وَالْمَلَائِكَةِ قَبِيلًا * أَوْ يَكُونَ لَكَ بَيْتٌ مِنْ زُخْرُفٍ أَوْ تَرْقَى فِي السَّمَاءِ وَلَنْ نُؤْمِنَ لِرُقِيِّكَ حَتَّى تُنَزِّلَ عَلَيْنَا كِتَابًا نَقْرَؤُهُ قُلْ سُبْحَانَ رَبِّي هَلْ كُنْتُ إِلَّا بَشَرًا رَسُولًا﴾ «ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن، ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە - پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن، ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ، ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن، ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن، ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن. تاكى (ئاللاھ تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبەرلىكى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە، سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز». (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن› (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا، ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)»[10].

يەنى مۆجىزە پەيغەمبەرنىڭ راستچىللىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا كاپىرلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەرمىگەن، ئۆزى خالىغان مۆجىزىلەرنى بەرگەن. بۇنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىرى بار:

1) مۆجىزىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىشى ۋە ئىرادىسى بىلەن مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش.

2) كاپىرلار مۆجىزىلەرنى ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلاتتى.

3) كاپىرلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى بېرىلسە، ئۇلار ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمان كەلتۈرمىسە، تەلتۆكۈس ھالاك بولۇشقا ھەقلىق بولاتتى، ئاللاھنىڭ ئازابى كېلەتتى. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە چەكسىز رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقتىن، كاپىرلارنىڭ پۈتۈن تەلەپلىرىنى كەلتۈرمەسلىك ئارقىلىق، ئۇلارنى ئومۇمىي ئازابتىن ساقلاپ قالغان.

3. ئىنكارچىلار «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئەپسانە» دەيدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئەپسانە ئەمەس، بەلكى قۇرئان كەرىم، سەھىھ ھەدىسلەر ۋە مۆتىۋەر تارىخ كىتابلىرىدا سابىت

[10] سۈرە ئىسرا، 90-93-ئايەتلەر.

بولغان ھەقىقەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى قۇرئان كەرىمدە، مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەدىسلەردە كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مۆجىزىلىرى:

1) قۇرئان كەرىم ئۆزى ئەڭ چوڭ ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوا بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا﴾ «ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»[11]، ﴿أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُوا بِعَشْرِ سُوَرٍ مِثْلِهِ مُفْتَرَيَاتٍ وَادْعُوا مَنِ اسْتَطَعْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ * فَإِلَّمْ يَسْتَجِيبُوا لَكُمْ فَاعْلَمُوا أَنَّمَا أُنْزِلَ بِعِلْمِ اللَّهِ وَأَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَهَلْ أَنْتُمْ مُسْلِمُونَ﴾ «ئەگەر ئۇلار (بۇ چاقىرىقىڭلارغا) ئاۋاز قوشمىسا، بىلىڭلاركى، قۇرئان ئاللاھنىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن نازىل قىلىنغان. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر(ئاللاھقا) بويسۇنامسىلەر؟»[12].

2) ئىسرا مۆجىزىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچىنىڭ قىسقا بىر بۆلۈكىدە مەككىدىن پەلەستىندىكى مەسجىدى ئەقساغا بېرىپ، ئۇ يەردىن ئاسمانغا چىقىپ، مەككىگە قايتىپ كېلىشى چوڭ مۆجىزە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلًا مِنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى الَّذِي بَارَكْنَا حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَا إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ﴾ «ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.»[13]

3) ئاينىڭ يېرىلىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە دەۋەت قىلغاندا، كاپىرلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاللاھ تائالا ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ * وَإِنْ يَرَوْا آيَةً يُعْرِضُوا وَيَقُولُوا سِحْرٌ مُسْتَمِرٌّ * وَكَذَّبُوا وَاتَّبَعُوا أَهْوَاءَهُمْ وَكُلُّ أَمْرٍ مُسْتَقِرٌّ * وَلَقَدْ جَاءَهُمْ مِنَ الْأَنْبَاءِ مَا فِيهِ مُزْدَجَرٌ * حِكْمَةٌ بَالِغَةٌ فَمَا تُغْنِ النُّذُرُ﴾ «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى. (قۇش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ ‹داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر› دېيىشىدۇ. ئۇلار (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى) ئىنكار قىلدى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، (ياخشىلىقتىن يا يامانلىقتىن بولسۇن) ھەر ئىش (شۇ ئىشنىڭ ئەھلىنى جەننەتكە يا دوزاخقا) ئورۇنلاشتۇرغۇچىدۇر. ئۇلارغا ھەقىقەتەن (قۇرئان) خەۋەرلىرىدىن

[11] سۈرە ئىسرا، 88-ئايەت.
[12] سۈرە ھۇد، 14-، 15-ئايەتلەر.
[13] سۈرە ئىسرا، 1-ئايەت.

ئىبرەت ئېلىنىدىغان مىقداردا نەرسە كەلدى. مۇكەممەل ھېكمەت كەلدى، (ئاللاھ ئۇلارنى شەقى قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.»[14].

4) شامال ئارقىلىق نۇسرەت بېرىش. خەندەك ئۇرۇشى بولغاندا، ئاللاھ تائالا مەدىنىنى يىگىرمە نەچچە كۈن قورشىۋالغان كاپىرلار قوشۇنىنى شامال ئارقىلىق بىتچىت قىلىۋەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ جَاءَتْكُمْ جُنُودٌ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ رِيحًا وَجُنُودًا لَّمْ تَرَوْهَا وَكَانَ اللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرًا﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا ئۈستۈڭلارغا (كۇففار) قوشۇن كەلگەندى. بىز ئۇلارغا قارشى بوران ۋە سىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەرنى) ئەۋەتتۇق، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[15].

5) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنىدىكىلەرنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەملەش ۋە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق نۇسرەت بېرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلآئِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُواْ الَّذِينَ آمَنُواْ سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُواْ الرَّعْبَ فَاضْرِبُواْ فَوْقَ الأَعْنَاقِ وَاضْرِبُواْ مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە ‹مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن› دەپ ۋەھيى قىلدى. (كاپىرلارنىڭ) گەردەنلىرىنى چېپىڭلار، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىنى چېپىڭلار.»[16] بۇ بەدرى ۋە تەبۇك غازاتلىرىدا بولغان.

6) رەسۇلۇللاھ ئاتقان توپىلارنى كاپىرلارنىڭ كۆزلىرىگە تەگكۈزۈش ئارقىلىق نۇسرەت بېرىش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ قَتَلَهُمْ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ رَمَى وَلِيُبْلِيَ الْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلاء حَسَنًا إِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ،ذَلِكُمْ وَأَنَّ اللَّهَ مُوهِنُ كَيْدِ الْكَافِرِينَ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر! بەدرىدە) مۇشرىكلارنى سىلەر ئۆلتۈرگىنىڭلار يوق، بەلكى ئەمەلدە ئۇلارنى ئاللاھ ئۆلتۈردى. (ئى پەيغەمبىرىم! بىر سىقىم توپىنى مۇشرىكلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئەمەلدە ئۇنى (مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە) ئاللاھ ئاتتى. بۇ مۇئمىنلەرگە چىرايلىق ئىنئاملارنى ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[17].

7) مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۈرۈش. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كۈچلەندۈرگەن. مەسىلەن: مەدىنىدە خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئەۋس قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇرۇش، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك بار ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇش بىلەن، ئۆزئارا قەدىناس دوست بولۇپ كەتتى. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ

[14] سۈرە قەمەر، 1-، 5-ئايەتلەر.

[15] سۈرە ئەھزاب، 9-ئايەت.

[16] سۈرە ئەنفال، 12-ئايەت.

[17] سۈرە ئەنفال، 17-، 18-ئايەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلىنغان مۆجىزىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ لَوْ أَنفَقْتَ مَا فِي الأَرْضِ جَمِيعًا مَّا أَلَّفْتَ بَيْنَ قُلُوبِهِمْ وَلَكِنَّ اللّهَ أَلَّفَ بَيْنَهُمْ إِنَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾ «ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ، لېكىن ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامىلەسى بىلەن) ئۇلارنى ئىناق قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[18] ﴿وَاذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّه عَلَيْكُمْ إِذْ كُنتُمْ أَعْدَاء فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُمْ بِنِعْمَتِهِ إِخْوَانًا وَكُنتُمْ عَلَى شَفَا حُفْرَة مِنَ النَّار فَأَنْقَذَكُمْ مِنْهَا كَذَلِكَ يُبَيِّنِ اللَّه لَكُمْ آيَاتِه لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ»[19].

8) جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپ، كاپىر دۈشمەنلەرنىڭ سانىنى ئاز كۆرسىتىش ئارقىلىق نۇسرەت ئاتا قىلىش. بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۈچ يۈز نەچچە، كاپىرلارنىڭ سانى مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كاپىرلارغا كۆپ كۆرسەتتى، كاپىرلارنىڭ سانىنى مۇسۇلمانلارغا ئاز كۆرسەتتى. بۇمۇ كاتتا مۆجىزىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ يُرِيكُمُوهُمْ إِذِ الْتَقَيْتُمْ فِي أَعْيُنِكُمْ قَلِيلاً وَيُقَلِّلُكُمْ فِي أَعْيُنِهِمْ لِيَقْضِيَ اللّهُ أَمْراً كَانَ مَفْعُولاً وَإِلَى اللّهِ تُرْجَعُ الأُمُورُ﴾ «ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆپ كۆرسەتتى. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ (ئاللاھ ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ)»[20].

مانا بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان مۆجىزىلىرى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىس شەرىفلەردە كەلگەن مۆجىزىلىرىنى كېيىنكى ساندا بايان قىلىمىز.

[18] سۈرە ئەنفال، 63-ئايەت.

[19] سۈرە ئال ئىمران، 103-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[20] سۈرە ئەنفال: 44-ئايەت.



# سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن ئالاقىسى

ئۇستاز ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى پىشىپ يېتىلگەن زاماندا دۇنياغا كەلگەن دۇنياۋى پەيغەمبەر بولۇش ئېتىبارى بىلەن، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان پەيغەمبەردۇر. بۇ پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى ۋە ھاياتى ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك تەجرىبە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەشئەل ۋە ئۈلگە سانىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ۋە ھاياتى پۈتۈنلەي بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى ۋە ھاياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ پەيغەمبەردە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چىدامچانلىقى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جىھادى، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زاھىدلىقى ۋە خەلقنى دىنىنىڭ ھەقىقەتلىرىگە باغلاشقا قارىتا ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىنى كۆرەلەيمىز.

قۇرئان كەرىم ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ خۇلاسىسى ھېسابلانسا، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى ۋە ئۈممىتى بىلەن بولغان تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىسى سانىلىدۇ.

دېمەك، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى (رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ماقۇللاشلىرىدىن ئىبارەت ھاياتى) ئىنساننىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىگە قارىتا ھايات مېتودىدىن ئىبارەت. يەنى سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ ئەمەلىي ھاياتتىكى يۈزى، قۇرئان كۆرسەتمىسىنىڭ ۋە مېتودىنىڭ ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىشىدىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم ھەممە نەرسىنىڭ ئاساسلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان مەنبە بولۇپ، ئومۇمىي پرىنسىپلارنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدۇ، شۇنداقلا بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ئۆزگەرمەس ئاساسلىرىنى، پرىنسىپلىرىنى ۋە ئىنسانىيەت ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ئاساسلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

سۈننەت بولسا قۇرئاننىڭ پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىپ

بېرىدۇ، ئۇنى تەتبىقلاش ھەركىتىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئىنسانىيەت ھاياتىدا جارى قىلدۇرۇش ئۇچۇن ئەمەلىي ئۈلگە كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، سۈننەت قۇرئاننىڭ ئىخچام تېمىلىرىنى بايان قىلىدۇ، ئىنچىكە نۇقتىلارنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ ۋە ئومۇمىي كەلگەننى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

سۈننەتنىڭ ئىگىسى بولغان رەسۇلۇللاھ قۇرئانغا ئەگىشىدۇ، كىشىلەرگە ئۆگىتىدۇ، ئىزاھلاپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى، چۈشەنچىلىرى، ئىستىلى ۋە ئالاقىسىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان ھايات مىزانىغا ئايلاندۇرۇش شەكلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى، ئەخلاقى، ئىبادىتى ۋە ھاياتى قۇرئان مەزمۇنى ۋە مەقسىتىنىڭ دەل ئۆزىدۇر، رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى قۇرئان ئايەتلىرى ۋە مەزمۇنلىرىنى كۈندىلىك ھاياتتا تەتبىقلاشنىڭ خەرىتىسىدۇر.

دېمەك، قۇرئان بىلەن سۈننەتنىڭ ئالاقىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلىشنى قوبۇل قىلمايدىغان، بىردەك ئىشىنىشنى تەقەززا قىلىدىغان، ئىسلامنى بىر پۈتۈن چۈشىنىش، توغرا ئەمەل قىلىش ۋە ساغلام مۇسۇلمان بولۇش ئۇچۇن بىردەك ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئالاقىدۇر.

چۈنكى قۇرئان بىلەن سۈننەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى ھىمايە قىلىش، قەلبنى پاكلاش، ئىنسان ھاياتىنى ۋە مېڭىنى قوغداش، ئىستىلىنى تۈزىتىش، ساغلام ئىنسان يېتىشتۈرۈش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش، مەدەنىيەت يارىتىش، ئادالەت ۋە ئەركىنلىك بەرپا قىلىش مەنبەسىدۇر.

قۇرئان ۋە ئۇنىڭ شەرھى بولغان سۈننەت ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىككى مەنبەسى بولۇپ، ئىنسان، ھاياتلىق ۋە كائىنات ھەققىدە ساغلام يول ۋە توغرا ئىدىيە خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ پرىنسىپلىرى، قىممەت قاراشلىرى ۋە يۈكسەك مەقسەتلىرى ئاساسىدا چۈشىنىلىدۇ ۋە تەتبىقلىنىدۇ. قۇرئان بىلەن سۈننەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ ئوقۇشقا ياكى پارچىلاپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، قۇرئان كەرىم سۈننەتنى قوغدايدۇ، سۈننەتنىڭ ھەققىي قوغدىلىشى قۇرئانغا تايىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئاساسلىق قائىدىلەر، پرىنسىپلار ۋە مەقسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، سۈننەت ئۇ قائىدە ۋە پرىنسىپلارنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، سۈننەت قۇرئاننىڭ پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرى ئاساسىدا تارماق مەسىلىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن سۈننەتنى ئالمىغاندا دىننى تولۇق ۋە ساغلام چۈشەنگىلى بولمايدۇ: ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا﴾ «پەيغەمبەر بۇيرۇغان ئىشلارنى

قىلىنىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن ئىشلاردىن چەكلىنىڭلار»[1].

سۈننەت قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشىنىشنىڭ، رېئاللىقنى چۈشىنىشنىڭ ۋە ئايەتلەرنى رېئاللىققا باغلاشنىڭ ئاساسى ۋە ئەمەلىي مېتودى. ﴿وَأَنْزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلدۇق»[2].

سەھىھ سۈننەت ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئىلاھىي ۋەھيىدۇر، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىككىنچى مەنبەسىدۇر، پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇرى يېغىپ تۇرىدىغان ھېكمەت خەزىنىسىدۇر، ھىدايەت يولىدۇر، بىلىم-مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت بۇلىقىدۇر. شۇڭا سۈننەتنى ئالمىغاندا قۇرئاننى توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ ھەم ساغلام ئەقىدىلىك ۋە توغرا ئىدىيەلىك مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ.

تۆۋەندىكى ئۈچ سەۋەبتىن سۈننەتكە ئىشەنمەي ساغلام مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ:

1. قۇرئانغا ئىشىنىش سۈننەتكە ئىشىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

قۇرئان بىلەن سۈننەت ئارىسىدا ئىمانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇقەددەس زىچ مۇناسىۋەت بار بولۇپ، ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرۈش سۈننەتكە ئىمان كەلتۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ، شۇنداقلا سۈننەتنى يالغانغا چىقىرىش قۇرئان كەرىمنى يالغانغا چىقىرىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

قۇرئان بىلەن سەھىھ سۈننەت ھەر ئىككىسى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيىدۇر. قۇرئاننىڭ سۆزى ۋە مەنىسى ۋەھيى بولسا، سۈننەتنىڭ مەنىسى ۋەھيىدۇر. قۇرئان كەرىم تۈزۈلۈشى جەھەتتىن مۆجىزە خاراكتېرلىك تىلاۋەت قىلىنىدىغان ۋەھيىدۇر، سۈننەت تۈزۈلۈشى جەھەتتىن مۆجىزە تۇسىنى ئالمىغان بايان خاراكتېرلىك ۋەھيىدۇر.

2. قۇرئان ۋە سۈننەت ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىدىكى ئاساسلىق مەنبەدۇر.

بارلىق مۇجتەھىد ئالىملار قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتنىڭ ئىسلامنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئاساسلىق ئىككى مەنبە ئىكەنلىكىدە ئىتتىپاق. شۇڭا قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنى بىر بىرىدىن ئايرىۋەتكەندە، شەرىئەتنى توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ ھەمدە قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ساغلام مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئاساس بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرىنچى مەنبە بولسا، سۈننەت ئىزاھات ۋە بايان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىككىنچى مەنبەدۇر.

3. سۈننەت قۇرئاننىڭ ئەمەلىي تەپسىرى.

قۇرئاننى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان كىشى قۇرئان نازىل

[1] سۈرە ھەشر، 7-ئايەت.
[2] سۈرە نەھل، 44-ئايەت.



بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام. بۇ پەيغەمبەرنىڭ ئەقلىي ھەر قانداق ئىنسانىنىڭ ئەقلىدىن كامىل ۋە ئۆتكۈر بولغاندىن سىرت، خاتالاشماسلىق سۈپىتىگە ئىگە زات. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈننەت قۇرئاننى ئەڭ توغرا ئىزاھلاپ بېرىدىغان باياندۇر.

قۇرئاننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىش ۋە دۇنيا ئاخىرەتلىك توغرا يولغا يېتەكلەش بولسا، سۈننەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قۇرئاننىڭ ھىدايىتى ۋە مەقسىتىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىشتۇر.

قۇرئان كەرىم پرىنسىپال قائىدە ۋە ئاساسلارنى بايان قىلسا، سۈننەت قۇرئاننىڭ ئومۇمىي قائىدە ۋە ئاساسلىرىنى ئىزاھلايدۇ. سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ قائىدىلىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى ئىزاھلىغاندا بەزىدە قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى تەكىتلەيدۇ، يەنە بەزىدە ئېھتىياجىغا قارىتا مۇستەقىل تارماق ئەھكاملارنى يولغا قويىدۇ. يەنى سۈننەتنىڭ ئىزاھاتى يا قۇرئاندا كەلگەن ھۆكۈمنى تەكىتلەيدۇ، ياكى قۇرئاندىكى ھۆكۈمنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، ياكى تارماق مەسىلىلەردە مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە، يەنى ھەدىسلىرىگە ئىشەنمەي ۋە ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، ئىدىيە، سودا-سېتىق، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ساغلام مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدۇ.



# ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى

ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ

ئىسلام قانۇنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى قۇرئان، ھەدىس، ئىجما، قىياستىن ئىبارەت تۆت بولۇپ، بۇ قەدىمدىن تا ھازىرغىچە كەلگەن بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىرلىككە كەلگەن مەسلىدۇر.

ئىسلام ئۆلىمالىرى مانا مۇشۇ تۆت ئاساسلىق دەستۇرغا تايىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئىسلامىي مەسلىلەرنى ھەل قىلىپ كەلدى، يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىشلار ۋە مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىپ كەلدى. يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن كۆپلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھالال-ھاراملىق ھۆكمىمۇ بۇ تۆت ئاساسلىق دەستۇرغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىنىپ كەلدى.

ئەپسۇسكى، يېقىنقى زامانلاردىن بېرى بىر قىسىم كىشىلەر قۇرئانىنىلا ئاساس قىلىپ، سۈننەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەرغىب قىلسا، يەنە بىر پىرقە كىشىلەر مەزھەپكە ئەگىشىشنى ئەخمەقلىق ساناپ، مەزھەپ پېشۋالىرىغا تىل ئۇزارتىپ كەلمەكتە. ئالدىنقىسىنىڭ خەتىرى كېيىنكىسىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. چۈنكى مەزھەپكە ئەگىشىش پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئاۋام خەلقىنىڭ مەلۇم بىر مەزھەپ سىستېمىسى بويىچە ماڭغىنى ئۇلار ئۈچۈن ياخشى. ئەمما سۈننەتتىن بىھاجەت بولالايمىز، دېگۈچىلەرنىڭ تۇتقان يولى خاتا، سۆزلىگەنلىرى جاھالەت، مەقسىتى كىشىلەرنى ئازدۇرۇشتۇر. «بىز قۇرئانچىلارمىز»، «بىز پەقەت قۇرئانغىلا يۈلىنىمىز»، «قۇرئان ئۆزىلا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان، ئاڭلىنىشى چىرايلىق، ئەمما باتىل مەقسەت قىلىنغان شوئارلارنى توۋلاپ يۈرگۈچىلەر ئىسلام دىنىنى يىقىتىشتىن باشقىنى ئويلىمىسا كېرەك. بۇ سۆزلەر باتىل مەقسەت قىلىنغان ھەق سۆزلەردۇر. چۈنكى «بىز قۇرئانچىلارمىز» دېگەن سۆز - ھەق سۆز. ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قۇرئانچىدۇر. ئۇ قۇرئاننى سۆيىدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنى كوزىر قىلىپ تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بولغان سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسلارنى ئىنكار قىلماقچى بولغانلارنىڭ نىيىتى توغرا ئەمەس. ئۇلار بۇ چىرايلىق سۆزى

ئارقىلىق ھەممە كىشى بىلىدىغان ھەقىقەتنى ئەمەس، بەلكى باتىلنى مەقسەت قىلغۇچىلاردۇر. يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى بولغان سۈننەتنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنى ئۆز خاھىشلىرىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنى پۇچەكلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت نىجىس مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر!

قۇرئانچىلارنىڭ فىقھىي مەزھەپلىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى «ئويدۇرۇلغان دىن» دەپ كەمسىتىشىنىڭ ئارقىسىدىكى رەزىل پىلانمۇ قۇرئان كەرىمنى مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ئايرىۋېتىپ، ئاندىن ئۆزى خالىغانچە تەۋىل ۋە تەپسىر قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئۇلار توختىماستىن مەزھەپكە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى ھەدىستىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

«بىزگە قۇرئان كۇپايە قىلىدۇ»، «ھەدىسلارغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ» ۋە «ئىسلامدىكى مەزھەپلەر ئويدۇرما دىنلاردۇر» دەپ تەشۋىق قىلغۇچىلار ئۆزلىرى ھېس قىلماستىن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ پىلانلىرىنى ئىجرا قىلغۇچى ئاۋانگارتلاردۇر. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەربىرى بىرەردىن پىلان، بۇلارنى پىلانلىغانلار مۇسۇلمانلار ئەمەس.

ئاللاھ تائالا ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى بەرگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ سۈننەتنىڭ قۇرئان كەرىمنى ئىزاھلىشى، چۈشەندۈرۈشى، شەرھلىشى ئۈچۈن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان خىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاذْكُرْنَ مَا يُتْلَى فِي بُيُوتِكُنَّ مِنْ آيَاتِ اللَّهِ وَالْحِكْمَةِ﴾ «ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەتتىن ئۆيلىرىڭلاردا ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار»[1].

ئىمام شافىئىي، ئىبنى كەسىر، قەتادە قاتارلىق ئۆلىمالار يۇقىرىقى ئايەتتىكى «ھېكمەت» كەلىمىسىدىن سۈننەت كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئوقۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەت ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن[2].

قۇرئان كەرىمنى سۈننەتتىن ئايرىماقچى بولغانلار قۇشنى قانىتىدىن ياكى بېلىقنى سۇدىن ئايرىپ ھالاك قىلماقچى بولغانلارغا ئوخشايدۇ. چۈنكى قۇرئاننى سۈننەتسىز توغرا رەۋىشتە چۈشەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا شىئەلەر قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى سۈننەتنىڭ ياردىمىسىز چۈشىنىپ كېتەلەيمىز، دېگەن دەۋا بىلەن ئىش كۆرگەنلىكتىن، نۇرغۇنلىغان ئىسلامىي مەسىلىلەردە خاتالاشقان. بۇنىڭ ئاددىي بىر مىسالى: ئەگەر ئۇلار سۈننەتكىمۇ مۇراجىئەت قىلغان بولسا، ھەرگىزمۇ تاھارەت ئالغاندا پۇتلارنى يۇيۇشنىڭ ئورنىغا، يالاڭ

[1] سۈرە ئەھزاب، 34-ئايەت.

[2] جامع بيان العلم وفضله، 17-بەت ؛ الرسالة، 78-بەت.

پۈتنىڭ ئۈستىگە مەسھى قىلمىغان بولاتتى. ئەھلى سۈننە مۇسۇلمانلىرى قۇرئان كەرىم ئايىتىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت ئالغاندا پۈتلىرىنى يۇغانلىقى ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ، تاھارەت ئالغاندا پۈتلارنى يۇيۇشنى پەرز دەپ قارايدۇ. چۈنكى شىئەلەر قۇرئاننىڭ تاھارەت ھەققىدە كەلگەن ئايىتىنى تەۋىل قىلىشتا خاتالاشقان. ئەگەر ئۇلار ھەدىسكە ئەگەشكەن بولسا مۇنداق قىلمىغان بولاتتى.

قۇرئاننىلا تۇتۇپ سۈننەت، ئىجما ۋە قىياسنى قوبۇل قىلمايمىز، دېگۈچىلەر قېنى ئېيتىپ باقسۇن! ئاق چېكىملىك ھالالمۇ ياكى ھاراممۇ؟ ئەگەر ئۇ ھارام بولسا، قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭ ھاراملىقىنى سۆزلىگەن ئايەت بارمۇ؟ جاۋاب: يوق! ئۇنداقتا ئاق چېكىملىك ھالالمۇ؟ بۇنى ئىسلام ئۈممىتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دىن ئەھلى ۋە بارلىق ئىنسانىيەت شەكسىز ھارام دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنىنىڭ قۇرئان كەرىمدە ھاراملىقىغا ئېنىق ئايەت كەلگەن ھاراقتىنمۇ چوڭلۇقىنى ھەممە ياخشى بىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاق چېكىملىكنى قايسى دەلىلگە ئاساسەن ھارام دەپ كەسكىن ھۆكۈم قىلالىدى؟ شەكسىزكى قىياس دەلىلگە ئاساسلىنىپ شۇنداق قىلدى. ئەگەر ئىسلام ئۆلىمالىرى ئاق چېكىملىكنىڭ ھاراملىقى توغرۇلۇق بىزنىڭ دەستۇرىمىز قۇرئان كەرىمدە ئايەت يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھارام دېيەلمەيمىز، دېگەن بولسا ئەھۋال نېمە بولماقچىدى؟ شۈبھىسىزكى، دىنىنىڭ ئىنسانىيەتنى بارچە ھالاكەتلەردىن ساقلاش ۋە ئۇلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىك مەقسىتىنى ئەمەلدە كۆرسىتەلمىگەن بولاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، «بىز قۇرئاننىلا تۇتۇپ سۈننەتتىن بىھاجەت بولالايمىز» دېگۈچىلەرمۇ كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدۇ. ئۇلار قايسى دەلىلگە ئاساسلىنىپ نامازنى بەش ۋاخ ئوقۇيدۇ؟ بەش ۋاخ ناماز رەكئەتلىرىنىڭ سانىنى نەدىن بىلدى؟ بامداتنى مانچە رەكئەت، پېشىننى مانچە رەكئەت ئوقۇغىلار، دەپ يوققۇ! بۇنى نەدىن بىلدۇق؟ تەبىئىيكى، سۈننەتتىن بىلدۇق. ناۋادا سۈننەت بولمىغان بولسا ئىدى، بىز ئاللاھ تائالانىڭ نامازغا بۇيرۇشتىكى مەقسىتىنى، ئۇنى قانداق تەرىقىدە ئادا قىلىش لازىملىقىنى نەدىن بىلگەن بولاتتۇق؟!

قۇرئان كەرىمدە زاكات پەرز قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ قاچان ئادا قىلىنىدۇ؟ زاكات كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟ ئۇنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟ دېگەنلەر بايان قىلىنغان ئەمەس، بۇلارنى سۈننەت بايان قىلغان. سۈننەتكە ئەمەل قىلمايمىز دېگۈچىلەر «نەق پۇل ۋە ئالتۇن، كۈمۈشتىن ئىككى يېرىم پىرسەنت زاكات بېرىلىدۇ» دېگەن قائىدىنى نەدىن ئۆگەندى؟

بۇنىڭدىن باشقا شەرىئەتنىڭ

ھالال-ھارامغا مۇناسىۋەتلىك ئەھكاملىرىدىن «ئېمىلداشلار بىر-بىرى بىلەن نىكاھلىنالمايدۇ» دېگەن پرىنسىپىنى نەدىن ئۆگەندى؟ تەبىئىيكى سۈننەتتىن ئۆگەندى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلدۇق»[3] دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى نېمە بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەردى؟ تەبىئىيكى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە سۈننەتلىرى بىلەن.

## ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆت ئاساسى

1. قۇرئان كەرىم

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دەستۇرى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ بىرىنچى ئاساسلىق مەنبەسى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اتَّبِعُواْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلاَ تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِ أَوْلِيَاءَ﴾ «(ئى ئىنسانلار!) سىلەر رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئەگىشىڭلار، ئاللاھنى قويۇپ، (ساختا) مەدەتكارلارغا ئەگەشمەڭلار، سىلەر ۋەز-نەسىھەتنى بەكمۇ ئاز قوبۇل قىلىسىلەر»[4].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ فَلاَ تَعْتَدُوهَا وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ اللَّهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر»[5].

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كىشىلەر ئارىسىدا قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەھكاملىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىشقا ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ مِنَ الْكِتَابِ وَمُهَيْمِنًا عَلَيْهِ فَاحْكُم بَيْنَهُم بِمَا أَنزَلَ اللَّهُ وَلاَ تَتَّبِعْ أَهْوَاءَهُمْ عَمَّا جَاءَكَ مِنَ الْحَقِّ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ ھەق كىتاب (قۇرئان)نى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلىغۇچى ۋە ئۇلارغا گۇۋاھ بولغۇچى قىلىپ نازىل قىلدۇق. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھ نازىل قىلغان (شەرىئەت) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن چەتنەپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن»[6].

2. سۈننەت

سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقانلىرى، قىلغانلىرى، كۆرسەتكەنلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئىسلام روھىغا مۇۋاپىق ھالدا قىلغان ئىشلىرىنى تەستىقلىغانلىرى دېگەنلىكتۇر.

[3] سۈرە نەھل، 44-ئايەت.

[4] سۈرە ئەئراف، 3-ئايەت.

[5] سۈرە بەقەرە، 229-ئايەت.

[6] سۈرە مائىدە، 48-ئايەت.

سۈننەت بىلەن ھەدىس ئىككىسى بىر مەنىدە كېلىدىغان بولۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى سۈننەتكە ئەگىشىشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانْتَهُوا﴾ «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار»[7].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّنْ يُطِعِ الرَّسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ﴾ «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ»[8].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مۇجمەل ئەھكاملارنى ئىزاھلاش، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش، شەرھلەش ۋە تەپسىلىي بايان قىلىشتەك ئالاھىدە مۇھىم خۇسۇسىيىتى بىلەن «قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقىي تەرجىمانى» دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا «ھىكمەت» نامى بىلەن سۈننەتنىمۇ ئاتا قىلغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىنى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر يولى سۈننەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ، ئۇنى قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەشكە ئەمر قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى، بۇيرۇغانلىرىنى، توسقانلىرىنى ۋە جىمى ئەھكاملىرىنى گاھ ئەمەلىيىتى بىلەن، گاھ سۆزى بىلەن، گاھ باشقىلارنىڭ توغرا قىلغان ئىشلىرىغا سۈكۈت قىلىشى، خاتا قىلغانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى بىلەن يەتكۈزگەن.

### 3. ئىجما

ئىجما ئىسلام ئۇممىتىدىن بولغان زامانداش ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرەر شەرئىي مەسىلە ھەققىدە بىردەك ئىتتىپاققا كېلىشى دېگەنلىكتۇر[9].

ئىجما ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئاساسلىق مەنبەسى. ئىجما قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتلەردە ھۆكمى بولمىغان يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدىلا بولىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكمى بايان قىلىنغان مەسىلىلەرگە ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ. ئىجما قىلىش پەقەت ئىجتىھاد (بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ شەرئەت دەلىللىرىدىن دىنىي مەسىلەلەرنىڭ ئەھكاملىرىنى چىقىرىش) سالاھىيىتىگە توشقان ئۆلىمالارغىلا خاستۇر.

[7] سۈرە ھەشر، 7-ئايەت.
[8] سۈرە نىسا، 80-ئايەت.
[9] روضة الناظر، 2-توم، 439-بەت؛ إرشاد الفحول 63-بەت؛ الإحكام للآمدي، 1-توم، 196-بەت.

ئىجما ئىككى تۈرلۈك بولۇپ:

بىرىنچىسى: ئۆلىمالاردىن ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئىجتىھادىنى ئاشكارا سۆزلىشى ئارقىلىق بولىدىغان ئىجما، بۇ «ئىجما سەرىھ» (ئاشكارا ئىجما) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچىسى: ئۆلىمالاردىن بەزىسى ياكى بىرەرسى بىرەر مەسىلىدە پەتىۋا چىقارغان بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغان باشقا ئالىملار ئۇنى ئىنكار قىلماستىن، سۈكۈت قىلسا، بۇ «ئىجما سۈكۇتىي» (مۇۋاپىقلاشقان ئىجما) دەپ ئاتىلىدۇ.[10]

ئىجما تۇنجى ئىسلام خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىدىن باشلاپلا جارىي بولۇپ كەلمەكتە. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا، ئۆزى قارار چىقىرىپ مەسىلىنى ھەل قىلاتتى، ئىجما قىلىشقا ھاجەت يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە بۇرۇن بولمىغان ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىغاندا، ساھابىلەر قۇرئان كەرىم بىلەن سۈننەتتە ھۆكمى بولمىغان مەسىلىلەرنى ئىجما قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئىسلام دىنىنى يوقاتماقچى بولغانلار زاكات بېرىشنى رەت قىلىش يولى بىلەن بۇ نىجىس پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغاندا، بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ھوشيارلىقى ئارقىسىدا ساھابىلەر زاكاتنى رەت قىلغۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا ئىجما قىلغانلىقى ۋە غەلىبە قىلغانلىقى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەرنىڭ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى توپلاپ، دۆلەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئىجما يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى، يەنە ئۈچىنچى خەلىپە ئوسماننىڭ ئىجما يولى بىلەن قۇرئان كەرىمنى نۇسخىلاپ، ئىسلام شەھەرلىرىگە ئەۋەتكەنلىكى، جۈمە نامىزىغا ئىككى قېتىم ئەزان ئوقۇش مەسىلىسىنىڭ ئىجما يولى بىلەن يولغا قويۇلغانلىقى، زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغۇچىلار قاتارىدىن «كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار»نىڭ چىقىرىپ تاشلانغانلىقى ۋە باشقا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساھابىلەرنىڭ ئىجما قىلىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشقان. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىنغا ۋە بۇ دىنىنىڭ دەستۇرى قۇرئان كەرىمگە ئەڭ ئىزچىل ئەمەل قىلىدىغان ئۈلگىلىك زاتلار ئىدى. تا قىيامەتكىچە ھېچقانداق بىر ئالىمنىڭ ياكى تەقۋادارنىڭ ساھابىلەرنىڭ ماقامىغا يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇلار شۇنداق تەڭداشسىز پارلاق يۇلتۇزلار ئىدى.

ئەمدى شۇ ئۈلگىلىك ساھابىلەر ئەمەل قىلىشنى باشلىغان ۋە ئەسىرلەردىن بېرى تا ھازىرغىچە ئىسلام ئۈممىتى بىردەك ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن ئىجمانى رەت قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنى كىم چاغلايدىغاندۇ؟ ئۇلار ساھابىلەردىنمۇ

[10] روضة الناظر، 2-توم، 492-496-بەتلەر؛ إرشاد الفحول 74-،75-بەت؛ الإحكام للآمدي، 1-توم، 252-بەت.

ئالىم ياكى ئۇلاردىنمۇ ئۇلۇغمۇ؟ ئۇلار ساھابىلەرگە ئەگەشمەي كىملەرگە ئەگىشىدىكىنا؟ ھالبۇكى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۆمىنلەرنىڭ يولىغا ئەگەشمىگۈچىلەرنى ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿وَمَن يُشَاقِقِ الرَّسُولَ مِن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ الْهُدَى وَيَتَّبِعْ غَيْرَ سَبِيلِ الْمُؤْمِنِينَ نُوَلِّهِ مَا تَوَلَّى وَنُصْلِهِ جَهَنَّمَ وَسَاءَتْ مَصِيرًا﴾ «كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، (ئاخىر) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»[11].

### 4. قىياس

قىياس قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ھۆكمى بولغان بىرەر مەسىلىگە بۇ ئىككىسىدە ھۆكمى كەلمىگەن بىر مەسىلىنى قىياس قىلىش (ئوخشىتىش) ئارقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش دېگەنلىكتۇر.

مەسىلەن: ھاراقنىڭ ھاراملىقى ۋە قەتئىي مەنئى قىلىنغانلىقى قۇرئان كەرىمنىڭ كەسكىن ئايىتى بىلەن بېكىتىلگەن ھۆكۈم. ئەمما نەشە، ئەپيۇن ۋە ئاق چېكىشنىڭ ھاراملىقى ۋە مەنئى قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەتتە ئوچۇق ھۆكۈم يوق. چۈنكى بۇ نەرسىلەر قۇرئان كەرىم چۈشكەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشىغان زامانلاردا يوق ئىدى. ئىسلام ئۆلىمالىرى نەشە، ئەپيۇن ۋە ئاقتىن كېلىپ چىقىدىغان دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تەن ساقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈشى قاتارلىق زىيانلارنى ھاراقنىڭ زىيىنىغا قىياس قىلىپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق، بۇلارنىڭ ھاراملىقىغا ئىتتىپاقلاشقان. چۈنكى ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى بۇلاردا ئارتۇقى بىلەن تېپىلىدۇ.

قىياس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەسى. قىياسنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەلىرىدىن ئىكەنلىكىگە قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى دالالەت قىلماقتا.

1) ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿كَمَا بَدَأْنَا أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُ﴾ «مەخلۇقاتنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز»[12].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىدە مەخلۇقاتنى تىرىلدۈرۈشنى ئۇلارنى دەسلەپتە يوقتىن پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاتقان. مانا بۇ قىياستۇر.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسى ئۈچۈن روزا تۇتۇشنىڭ ھۆكمىنى سوراپ كەلگەن بىر ئايالغا: «قاراڭچۇ! ئەگەر ئانىڭىزنىڭ ئۈستىدە بىراۋنىڭ قەرزى قالغان بولسا، ئۇنى تۆلەمتىڭىز؟» دەپ سورايدۇ. ئايال: «ھەئە، ئەلۋەتتە تۆلىگەن بولاتتىم»

[11] سۈرە نىسا، 115-ئايەت.

[12] سۈرە ئەنبىيا، 104-ئايەت.

دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا ئانىڭىز ئۈچۈن روزا تۇتسىڭىز بولىدۇ»[13] دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ھەدىستە ئايالنىڭ ئۆلگەن ئانىسىنىڭ گەدىنىدە قالغان روزىسىنى، تۆلىيەلمەستىن زىممىسىدە كەتكەن قەرزگە ئوخشاتقان. مانا بۇ قىياستۇر.

ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆت ئاساسلىق مەنبەسى تۆۋەندىكى ئىككى ھەدىستە ئىخچاملانغان:

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭدىن: «سەن بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە نېمە قىلىسەن؟» دەپ سورايدۇ. مۇئاز جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھنىڭ كىتابى بويىچە ئىش كۆرىمەن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە ئۇنىڭدىن: «ئاللاھنىڭ كىتابىدا بولمىسا نېمە قىلىسەن؟» دەپ سورايدۇ. مۇئاز جاۋاب بېرىپ: «رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش كۆرىمەن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە ئۇنىڭدىن: «رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىمۇ بولمىسا نېمە قىلىسەن؟» دەپ سورايدۇ. مۇئاز: «ئۆز ئىجتىھادىم بىلەن بىر تەرەپ قىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇئازنىڭ كۆكسىنى قېقىپ تۇرۇپ: «پەيغەمبىرىنىڭ ئەلچىسىنى ئۆزى ۋە پەيغەمبىرى رازى بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەن» دەيدۇ. بۇ ھەدىس ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن قۇرئان، سۈننەت ۋە ئىجتىھاد ئۈچىنى تەرتىپ بىلەن بايان قىلغان. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بەسرە شەھىرىنىڭ قازىسى ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىيگە يازغان مەكتۇپىدا: « قۇرئان ۋە سۈننەتتە ھۆكمى بولمىغان مەسىلىلەر توغرۇلۇق كىشىلەر سەندىن ھۆكۈم سوراپ كەلگەندە، ئۇ مەسىلىلەرنى سەن ھۆكمىنى بىلىدىغان مەسىلىلەرگە قىياس قىلغىن، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق كېلىدىغان، ھەقىقەتكە ئەڭ ئۇيغۇن رەۋىشتە ھۆكۈم چىقارغىن» دېگەن[14]. مانا بۇ خەلىپە ئۆمەرنىڭ ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ تۆتىنچى ئاساسلىق مەنبەسى بولغان قىياس ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئىدى.

ئاللاھ تائالادىن بىزلەرگە ھەقىقەتنى كۆرۈۋالالايدىغان قەلب ئاتا قىلىشىنى، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىدىغان، ئىسلام دەستۇرلىرىنىڭ ماقامىنى قوغدايدىغان غەيرەت ئاتا قىلىشىنى سورايمىز.

[13] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[14] أخبار القضاة، 1-توم، 70-بەت؛ أصول التشريع الإسلامي، 17-79-بەتلەر؛ مقدمة في الفقه، 17-38-بەتلەر.



# هازىرقى زاماندىكى «قۇرئانچىلار» ئايەتلەرنىمۇ ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر

ئۇستاز سىراجىددىن ئەزىزى

هازىرقى زاماندىكى «قۇرئانچىلار» ئايەتلەرنىمۇ ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر

سىراجىددىن ئەزىزى

«يېقىندا سىلەردىن بىرىڭلار ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنى يالغانچى قىلىپ، ھەدىسىمنى سۆزلەپ: ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى بار، ئاللاھنىڭ كىتابىدا ھالال دەپ بايان قىلىنغان نەرسىلەرنى ھالال، ھارام دەپ بايان قىلىنغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ قارايمىز، دەيدۇ. دىققەت قىلىڭلار! ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسىلەرمۇ ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرگە ئوخشاش ھارامدۇر»[1].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام يۇقىرىقى سەھىھ ھەدىستە يېقىن زاماندا ئەنە شۇنداق ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈشۈپ، ئاللاھنىڭ كىتابىدىن باشقىنى تونۇمايدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان، ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىدىغان پىرقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ھەقىقەتەن راست ئېيتقانىدى.

بۇ پىرقىلەر ئۆزلىرىنى «قۇرئانچىلار» دەپ ئاتىۋالىدۇ، ئۆزلىرىنى «دىنىنىڭ ھامىيلىرى، دىنىي رەھبەرلەر» دەپ جۆيلۈشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار دىنىنىڭ ئۆلىنى كولايدىغان زىندىقلاردۇر.

ئىسلام ئۈممىتى زالىم ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ پەيدا قىلغان مۇسىبەتلىرىدىن قۇتۇلالمايۋاتقان بىر پەيتتە، «قۇرئان بىزگە كۇپايە، سۈننەتكە ھاجەت يوق» دەپ بىلجىرلايدىغان بۇ پىرقىلەر ئەمەلىيەتتە «مۇئتەزىلە» ئېقىمىدىكىلەرنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولۇپ، ئۇلار ئۈممەتنىڭ بېشىغا كەلگەن يەنە بىر ئېغىر مۇسىبەت ۋە ئاپەتتۇر.

يېقىنقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىققان ئاتالمىش «قۇرئانچىلار» دەسلەپتە ھىندىستاندا ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى دەۋرىدە پەيدا بولغان بولۇپ، بايراقدارلىرىدىن ئەھمەدخان ئۆزىنى قاتتىق ئەقىللىق چاغلىغان ھالدا سۈننەتنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان.

[1] مۇسنەد، ئىمام ئەھمەد، 17194-ھەدىس.

ئۇنىڭدىن كېيىن پاكىستانلىق ئابدۇللاھ چەكرالىۋىي، غۇلام ئەھمەد پەرۋىز دېگەنلەر باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىغان. ئەرەب دۇنياسىدا بولسا، مىسىردا ئۆتكەن مەشھۇر ئىسلاھاتچى مۇھەممەد ئەبدۇھ، ئامېرىكىدا يەرلەشكەن ئەھمەد سۇبھى مەنسۇر، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ رەئىسلىرىدىن قەززافىي قاتارلىقلارمۇ سۈننەتنى ئىنكار قىلىپ چىققان. بۇ، ئۇنىڭ سۈرە ئىخلاسنى شەرھلىگەن مەخسۇس بايانلىرىدىن مەلۇمدۇر.

دېمەك، ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاخىر زاماندا مېنىڭ سۈننىتىمنى ئىنكار قىلىدىغان بىر تائىپە پەيدا بولىدۇ» دېگەن ھەدىسىنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيالىقنى دەپ دىنىنى ساتقان، سۆز ئويۇنى پەيدا قىلىپ دىنغا قارشى ھەرىكەت قىلغان ئەنە شۇنداق ھەدىس ئىنكارچىلىرىدىن يۈز ئۆرۈش، يىراق تۇرۇش، سۆزلىرىنى نەقىل قىلماسلىق، تارقاتماسلىق ۋە ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولۇش ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا ۋاجىپ بولغان ئىشتۇر.

شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ مەنبەسى ۋە تايانچىسى بولسا قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئىجما ۋە قىياس قاتارلىقلاردۇر. مەيلى قايسى زاماندا بولسۇن، چۈشەنچە، ئىلىم ۋە دىيانەتتە ئىلگىرىكى سەلەف-سالىھلاردىن ئېشىپ كېتىدىغانلارنىڭ چىقىشى ناتايىن.

بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى كۈنلەردە ئوتتۇرىغا چىققان سەييارە دىن ساتقۇچىلار بولسا، ئەرەبلەردىن ئەدنان ئىبراھىم، مۇھەممەد شەھرۇر، ئەلى كەييالى، ئەھمەد سۇبھى مەنسۇر قاتارلىقلاردۇر. تۈركلەردىن ئابدۇلئەزىز بايىندىر، مۇستاپا ئىسلامئوغلى، مۇھەممەد ئوقۇياندۇر قاتارلىقلاردۇر. ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئەگەشكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ بار.

مەزكۇر ئازغۇنلار باتىل ئەقىدىسىنى تارقىتىش يولىدا ھاتەمدەك سېخىيلىق بىلەن پۇل خەجلەش ئارقىلىق، ئەگەشكۈچىلەرنى توپلاشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانلىرى ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئاقىۋىتىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ئاتالمىش «قۇرئانچىلار»نىڭ كۆپىنچىسى قۇرئان كەرىمنى توغرا ئوقۇشنىمۇ بىلمەيدىغان، دىندا ھەقىقىي ئالىم بولالمىغان كىشىلەر بولۇپ، ئەل-جامائەتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، قۇرئاندىكى ناسىخ-مەنسۇخ، قىساس ۋە جازا ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

قۇرئاننى يەتكۈزۈشتىن باشقا رولى يوق، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئىنسان، توغرا قىلىدۇ ھەم خاتالىشىدۇ» دەپ قارايدۇ، ساھابە كىراملارغا ھۆرمەت بىلدۈرمەيدۇ، ئۆزىچە قۇرئاننى بەك «چۈشىنىپ» كېتىپ سۈننەتكە ئېھتىياج يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. ھەدىس كىتابلىرىدىن سەھىھ بۇخاري ۋە سەھىھ مۇسلىملارغا شۈبھىلىك نەزەر بىلەن قارايدۇ، قۇرئانغىلا ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇيۇ، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. مەشھۇر ئالىملار، مۇھەددىس ئۆلىمالارنى ھاقارەت قىلىش ئارقىلىق ساددا مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئاددىي ئەقىل بىلەن ئويلايدىغان بولساق، قۇرئان كەرىم نامازنى پەرز قىلدى، ئەمما ئوقۇلۇش شەكلىنى، رەكئەتلىرىنى ۋە قانچە ۋاخ ئوقۇشىمىزنى بايان قىلمىدى. بىز ئۇنىڭ مۇكەممەل ئوقۇلۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدىن ئۆگەندۇق. ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش قۇرئاندا بۇيرۇلغان بولۇپ، قايسى ھالەت ۋە قانداق شەرتلەر ئاستىدا كېسىلىشى ھەدىس ئارقىلىق بايان قىلىنغان. قۇرئان كەرىمدە پۇل-مالى مەلۇم نىسبەتكە يەتكەن كىشى زاكات بېرىشكە بۇيرۇلغان. ئەمما تەپسىلاتى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغان. قۇرئان كەرىمدە ھەج قىلىشنىڭ پەرزلىكى ھەققىدە ئايەت بار، ئەمما تەپسىلاتى ۋە شەرت-شارائىتلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغان. قۇرئان كەرىم بۇيرۇق قىلىدۇ، رەسۇلۇللاھ ھەدىسلىرى بىلەن شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دېمەك، قۇرئاننى سۈننەتتىن ئايرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن دەلىللەر بار بولۇپ، تۆۋەندىكىلەر بۇلاردىن ئاز بىر قىسمىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ماڭا قۇرئان ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلدى»[2].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى»[3]. بۇ ئايەتتە كىتابتىن قۇرئان كەرىم، ھېكمەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى مەقسەت قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ساڭا ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن ھۆكۈملەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن زىكىر

[2] مۇسنەد، ئىمام ئەھمەد، 17174-ھەدىس.

[3] سۈرە بەقەرە، 12-ئايەت.

(قۇرئان) نى نازىل قىلدۇق»[4].

ھەدىس ئىنكارچىلىرى «قۇرئان ئۆزىنى ئۆزى چۈشەندۈرىدۇ، قۇرئاندا ھەممە نەرسە بار» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ: «لەۋھۇلمەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق»[5].

ئۇلار مەزكۇر ئايەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تۇسۇپ قويىدۇ. ئۇلار قۇرئانغا تولۇق ئەمەل قىلىدۇق، دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، مۇنۇ ئايەتلەرگە قۇلاق سالمايدۇ: «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»[6].

«(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[7]. (پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر)[8].

ھەربىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن سۈننەت (ھەدىس) قۇرئان كەرىمنىڭ شەرھى ۋە ئىزاھاتىدۇر. مىسىرلىق ياش دەۋەتچى ئابدۇللاھ رۇشدى ھەدىس ئىنكارچىلىرىغا قاراتقان ۋىدىيولۇق رەددىيەسىدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشىدە رول ئوينىغانلار بولسا ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئۆلىمالاردۇر. ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا قانداق كۈچ چىقارغان بولسا، ھەدىسلەرنىڭمۇ سەنەد، رىۋايەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆزگەرتىلىش، كەم-زىيادە قىلىنىشتەك سۇيىقەستلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئوخشاش كۈچ چىقارغان».

ئەمەلىيەتتە، قۇرئان كەرىمنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىشىدىكى سەنەدلەر ئوخشاش بولغان تۇرۇقلۇق، قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈپ، ھەدىسكە شەك كەلتۈرۈش «قۇرئانچىلار»نىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

[4] سۈرە نەھل، 44-ئايەت.
[5] سۈرە ئەنئام، 38-ئايەت.
[6] سۈرە نىسا، 80-ئايەت.
[7] سۈرە نىسا، 65-ئايەت.
[8] سۈرە ھەشر، 7-ئايەت.



# «پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا قۇرئاننى يەتكۈزۈش»

## دېگەن سەپسەتىگە رەددىيە

ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز

بەزى ھەدىس ئىنكارچىلىرى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش پەقەتلا قۇرئاندىن يەتكۈزگەنلىرىدە بولىدۇ، سۈننىتىدە بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى يەتكۈزۈشتۇر. قۇرئانغا قوشۇمچە ھەدىس (تۆۋەندە ‹قۇرئان ۋە ھەدىس› كەلىمىلىرىنى ئەرەب ئۆلىمالىرىنىڭ ئىستىلاھى بويىچە ‹كىتاب ۋە سۈننەت› دەپ ئالىمىز) بايان قىلىش ئەمەس» دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ سەپسەتىلىرىگە مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿إِنْ عَلَيْكَ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ۗ﴾ «سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر»[1] دېدى. يەنە: (وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ) «پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار»[2] دېدى. بۇ ئىككى ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرنىڭ پەقەت ئۆزىگە ۋەھيى قىلىنغان قۇرئاننى يەتكۈزۈشتىن باشقا ۋەزىپىسىنىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن پەيغەمبەرگە ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەمەس، ئۇ يەتكۈزگەن قۇرئانغا بولىدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ۋەھيىگە ئەگىشىشنى بۇيرىدى. ئۇ بولسىمۇ قۇرئان كەرىمدۇر. پەيغەمبەرنىڭ ئۆزىگە ياكى سۈننىتىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇمىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: (وَءَامَنُوا۟ بِمَا نُزِّلَ عَلَىٰ مُحَمَّدٍ) «مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر»[3]. يەنە مۇنداق دېدى: ﴿وَٱتَّبِعُوٓا۟ أَحْسَنَ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُم﴾ «سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن نەرسىنىڭ ئەڭ گۈزىلىگە ئەگىشىڭلار»[4]. بۇ ئايەتتە ئەڭ گۈزىلىگە ئەگىشىشكە بۇيرىدى، قۇرئان سۈننەتتىن گۈزەلدۇر. بۇ ئايەتلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، قۇرئان بار يەردە سۈننەت ھۆججەت بولالمايدۇ».

بۇ سەپسەتىگە بىر نەچچە جەھەتتىن رەددىيە بېرىمىز:

### 1. سەپسەتىچىلەرنىڭ ئۆزىگە دەلىل قىلىۋالغان يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنى توغرا چۈشىنىش

«سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ

[1] سۈرە شۇرا، 48-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نۇر، 54-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە مۇھەممەد، 2-ئايەت.

[4] سۈرە زۇمەر، 55-ئايەت.

قىلىنىشتۇر»[5]؛ «پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشەنچىلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار»[6].

بۇ ئىككى ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرىشكە، ئىمان ئېيتىشقا زورلاش ۋەزىپىسى يوقلۇقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتنىڭ ئىچىدىن بۇ بىر جۈملىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپلا، ئۇنى پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويۇشتىن باشقا ۋەزىپىسى يوقلۇقىغا دەلىل قىلىۋېلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى بۇ ئايەتنى توغرا چۈشەنمىگەنلىك ۋە ئۇنى ئورۇنسىز يەرگە دەلىل قىلىپ ئىشلەتكەنلىك بولىدۇ. ئايەتنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ئايەتنى تولۇق ئوقۇپ ئۆتەيلى:

بىرىنچى ئايەت: ﴿فَإِنْ أَعْرَضُوا۟ فَمَآ أَرْسَلْنَـٰكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا ۖ إِنْ عَلَيْكَ إِلَّا ٱلْبَلَـٰغُ ۗ وَإِنَّآ إِذَآ أَذَقْنَا ٱلْإِنسَـٰنَ مِنَّا رَحْمَةً فَرِحَ بِهَا ۖ وَإِن تُصِبْهُمْ سَيِّئَةٌۢ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ فَإِنَّ ٱلْإِنسَـٰنَ كَفُورٌ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (ئىمان ئېيتىشتىن) باش تارتسا، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق، سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەتلا دىننى يەتكۈزۈشتۇر. ئەگەر بىز ئىنسانغا دەرگاھىمىزدىن بىر رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇ خۇش بولۇپ كېتىدۇ، قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلسە، (بۇنداق چاغدا) ئىنسان تولىمۇ تۇزكورلۇق قىلىدۇ»[7].

بۇ ئايىتى كەرىمىنىڭ مەنىسى: ئى پەيغەمبىرىم! سەن مۇشرىكلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشقا چاقىرغىن. ئەگەر ئۇلار بۇ دەۋەتتىن يۈز ئۆرۈسە، سېنىڭ چاقىرىقىڭنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىسا، سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلغان بولىسەن. چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ تەبلىغ قىلىش، كىشىلەرنى زورلاپ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئەمەس. كىم دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتسا، جەننەتكە كىرىدۇ؛ كىم دەۋىتىڭدىن باش تارتسا، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق. سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ. سېنىڭ ئۇلاردىن ھېساب ئېلىش ياكى ئۇلارنى مەجبۇرلاش ۋەزىپەڭ يوق.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ ئايەتنىڭ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا قۇرئاننى يەتكۈزۈش» دېگەن سەپسەتە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بۇ ئايەتتىن مەقسەت ئىنسانلارنى دەۋەت قىلغاندىن كېيىن قوبۇل قىلمىغانلار ئۈچۈن ئۆزىنى بىئارام قىلماسلىق، كىشىلەر ئىمان ئېيتمىدى دەپ خاپا بولماستىن، دەۋىتىنى، تەبلىغىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشتۇر. «سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت تەبلىغ قىلىشتۇر» سۆزى «ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق» دېگەن سۆزنىڭ باياندۇر. يەنى سەن ۋەزىپەڭنى ئادا قىلدىڭ، ئۇلار ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ سېنىڭ دەۋىتىڭنى قوبۇل قىلمىسا بىز سېنى مەسئۇل تۇتمايمىز. چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ تەبلىغ قىلىش، ئىمان ئېيتقۇزۇش

[5] سۈرە شۇرا، 48-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە نۇر، 54-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[7] سۈرە شۇرا، 47-، 48-ئايەتلەر.

ئەمەس، دېمەكچى. چۈنكى «ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتكىنىمىز يوق» دېگەن ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر تەبلىغ ۋە دەۋەت ياخشى ئادا قىلىنمىغان بولسا، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئىماندىن يۈز ئۆردى، دېگىلى بولمايتتى.

ئەمدى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننىلا يەتكۈزۈش» دېگۈچىلەر دەلىل قىلىۋالغان ئىككىنچى ئايەتكە كەلسەك، ئايەتنىڭ تولۇق لەفزى مۇنداق: ﴿قُلْ أَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ ۖ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّمَا عَلَيْهِ مَا حُمِّلَ وَعَلَيْكُم مَّا حُمِّلْتُمْ ۖ وَإِن تُطِيعُوهُ تَهْتَدُوا۟ ۚ وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلْبَلَٰغُ ٱلْمُبِينُ﴾ «ئېيتقىنكى: ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتسا، پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار، سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، ئەگەر پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار»[8].

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتسا، ئىتائەت قىلمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش-قىلماسلىق تەبلىغ قىلىنغۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى مەجبۇرلاپ ئىتائەت قىلدۇرۇش ۋەزىپىسى يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھىدايەت تېپىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى، ئۆزىنى ئۇپرىتاتتى، ھەتتا ئۆزىنى ھالاك قىلىۋەتكۈدەك ھالەتكە كەلگەنىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَعَلَّكَ بَٰخِعٌ نَّفْسَكَ أَلَّا يَكُونُوا۟ مُؤْمِنِينَ﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن»[9]. گويا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبىرىم! سەن ئۇلارغا ئېيتقىن ۋە كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تەكرار دەۋەت قىلغىن. ئەمما ئۇلارنى ئىمان ئېيتمىدى دەپ ئۆزۈڭنى ھالاك قىلمىغىن، چۈنكى سېنىڭ ۋەزىپەڭ تەبلىغ قىلىش.

يۇقىرىدىكى ئىزاھاتلاردىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، «سېنىڭ ۋەزىپەڭ تەبلىغ قىلىش» دەپ كەلگەن ئىككى ئايەتنى «پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى پەقەتلا قۇرئاننى يەتكۈزۈش، ئۇنى سۈننىتى بىلەن بايان قىلىش ئەمەس» دەپ چۈشىنىش خاتا ۋە باتىل چۈشىنىشتۇر. بۇ ئىككى ئايەت ھەقىقەتتە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنىڭمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ

[8] سۈرە نۇر، 54-ئايەت.

[9] سۈرە شۇئەرا، 3-ئايەت.

ھاياتىدىكى رولىنى، پەيغەمبەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە قانۇن چىقىرىشتىكى رولىنى ۋە قۇرئان كەرىمنى ئۆز سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىزاھلاپ بايان قىلىش رولىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان.

دېمەك، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت قۇرئاننىلا تەبلىغ قىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىسى يوق» دېگۈچىلەر ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى قەستەن بۇرمىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ باتىل قاراشلىرىغا دەلىل قىلىۋالغان. بۇ چوڭ جىنايەت بولۇپ، قۇرئاننىڭ تېكىستىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىك بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئۈچىنچى ئايەتكە كەلسەك، ﴿وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ وَءَامَنُواْ بِمَا نُزِّلَ عَلَىٰ مُحَمَّدٍ وَهُوَ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ ۙ كَفَّرَ عَنْهُمْ سَيِّـَٔاتِهِمْ وَأَصْلَحَ بَالَهُمْ﴾ «ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە مۇھەممەدكە رەببى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەتكە چىن ئىشەنگەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىنى ياخشىلايدۇ»[10]. بۇ ئايەتتە ھەدىسنى ئىنكار قىلىشقا ھېچقانداق دەلىل چىقمايدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتىكى ﴿وَءَامَنُواْ بِمَا نُزِّلَ عَلَىٰ مُحَمَّدٍ﴾ «مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر، دېگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيى ئايەت ۋە ھەدىستۇر.

تۆتىنچى ئايەتكە كەلسەك، ئايەتنىڭ تولۇق لەفزى مۇنداق: ﴿وَٱتَّبِعُوٓاْ أَحْسَنَ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَكُمُ ٱلْعَذَابُ بَغْتَةً وَأَنتُمْ لَا تَشْعُرُونَ﴾ «سىلەر غەپلەتتە تۇرغاندا ئۇشتۇمتۇت ئازاب كېلىشتىن، بۇرۇن ئۆزۈڭلارغا رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەڭ گۈزىلىگە ئەگىشىڭلار»[11]. بۇ ئايەتتىنمۇ «ھەدىسكە ئەگەشمەڭلار» دېگەن مەنە چىقمايدۇ. تەپسىرى مۇيەسسەردە بۇ ئايەت مۇنداق تەپسىر قىلىنغان: «سىلەر غەپلەتتە تۇرغان ۋاقىتتا ئۇشتۇمتۇت ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن، رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتابلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ياخشىسى بولغان قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىڭلار، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يېنىڭلار»[12]. چۈنكى ئايەتتىكى «رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەڭ گۈزىلىگە ئەگىشىڭلار» دېگەن سۆزدىكى نەرسە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتاب ۋە سەھىپىلەرنى، ئۇلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى قۇرئان كەرىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى: ئى ئىنسانلار! ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كەلگەن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن كىتاب ۋە سەھىپىلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ياخشىسى

[10] سۈرە مۇھەممەد، 2-ئايەت.

[11] سۈرە زۇمەر، 55-ئايەتلەر.

[12] تەپسىرى مۇيەسسەر، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشرى، 736-بەت.

قۇرئان كەرىمدۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش بۇرۇنقى كىتابلارغا ئېسىلىۋالماستىن، مۇشۇ قۇرئانغا ئەگىشىڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭدا ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ دېگىنىدەك «ھەدىستىن قۇرئان گۈزەل، شۇڭا ھەدىسنى تاشلاپ قۇرئانغا ئەگىشىڭلار» دېيىدىغان بىر مەنە يوق.

دېمەك، ھەدىس ئىنكارچىلىرى ئۆزىنىڭ ئازغۇن پىكرىگە قۇرئان كەرىمدىن ھېچقانداق دەلىل تاپالمىغاندىن كېيىن، ئايەتنى پارچىلاپ. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر جۈملە، بىر سۆزنى ئۈزۈپ ئېلىپ، دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانلىقى ۋە بۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى بۇرمىلاپ، ئاللاھ تائالا مەقسەت قىلمىغان شەكىلدە چۈشەندۈرگەنلىكى بۇلۇتسىز ئاسماندىكى قۇياشتەك ئېنىق تۇرماقتا. ئۇلار بۇ قىلمىشى بىلەن ھەم قۇرئان كەرىمنى بۇرمىلاش، ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىش، ھەم ھەدىسلەرنى بىزگە يەتكۈزگەن ساھابە ۋە تابىئىنلارغا يالغانچىلىق بىلەن تۆھمەت قىلىش قاتارلىق بىر نەچچە جىنايەتنى بىراقلا ئىشلىگەن بولىدۇ.

### 2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇلغان تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسى قۇرئان ۋە سۈننەت بىلەن بولىدۇ

تەبلىغ ئاللاھنىڭ ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشنى، بايان قىلىشنى، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشنى، ئىزاھلاشنى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشنى ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سۈننەتنىڭ قىلىدىغىنى مانا مۇشۇ ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش، قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرنى قانداق ئىجرا قىلىشنى ئۆگىتىش ۋە قۇرئاندا كەلمىگەن بەزى ھۆكۈملەرنى قانۇن قىلىپ بېكىتىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تاللاپ، ئۇنىڭغا ئۆز كالامى بولغان قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرگەن. بۇ قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان كەرىمنى ئىنسانلارغا بايان قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇغان. قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رولىنىڭ كىشىلەرگە قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى بايان قىلىش، ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن ئايدىڭلىققا چىقىرىش، ئۇلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان نۇرغۇن ئايەتلەر بار. مۇشۇ ئىشلارنى قىلىشتا سۈننەتكە تايىنىپ قىلماقتىن باشقا يول يوق. بۇنىڭ دەلىللىرىدىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلرَّسُولُ بَلِّغْ مَآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ﴾ «ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى يەتكۈزگىن»[13].

بۇ يەردە ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھقا بۇيرۇغان يەتكۈزۈش ئومۇمىي بولۇپ، ئىنسانلار ھازىر ۋە كېلەچەكتە، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىدا موھتاج

[13] سۈرە مائىدە، 67-ئايەت.

بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى يەتكۈزۈشنى ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتكۈزگەن ئىشلىرى بىزگە ئىككى ۋەھيى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن: بىرى ئوقۇلىدىغان ۋەھيى بولۇپ، ئۇ قۇرئان كەرىمدۇر؛ يەنە بىرى ئوقۇلمايدىغان[14] ۋەھيى بولۇپ، ئۇ ھەدىس شەرىفلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكىدە شەك-شۈبھە يوقتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلْهَوَىٰٓ ۝ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْىٌ يُوحَىٰ﴾ «ئۇ نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. ئۇ (ئۇنىڭ ئىبتىقانلىرى) پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدۇر»[15].

بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكىنى قەتئىي يوسۇندا ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بولسا ھەدىسلەردۇر.

ئاللاھ تائالا ھەدىسنىڭ ۋەھيى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (وَأَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ) «ئاللاھ ساڭا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى نازىل قىلدى»[16].

يەنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى نەرسە چۈشۈردى: بىرى كىتاب، ئۇ بولسىمۇ قۇرئان كەرىم؛ يەنە بىرى ھېكمەت، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى. بۇ ئايەتنى سەلەف ئالىملار مۇشۇنداق تەپسىر قىلغان.[17]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلذِّكْرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيْهِمْ وَلَعَلَّهُمْ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى بايان قىلىپ بەرسۇن. ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق»[18].

بۇ ئايەتتە بۇيرۇلغان «بايان قىلىش» «ئى پەيغەمبەر! رەببىڭدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى يەتكۈزگىن»[19] دېگەن ئايەتتىكى «يەتكۈزۈش» ئەمەس. دېمەك، بۇ ئىككى ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «يەتكۈزۈش» ۋە «بايان قىلىش» تىن ئىبارە ئىككى ۋەزىپىسى بارلىقى مەلۇم بولدى. ھەر ئىككى ۋەزىپىنىڭ تېمىسى قۇرئان كەرىمدۇر. يەتكۈزۈشكە بۇيرۇغان ئايەتتە «رەببىڭدىن ساڭا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى» دېدى. بايان قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتتە «ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن نەرسىنى» دېدى. بۇ ئىككى ئايەتتىكى پەرق ئىككى ۋەزىپىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىدىن كېلىدۇ.

«بايان قىلىش» بەندىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ مۇرادىنى چۈشىنىپ

[14] ئوقۇلىدىغان ۋەھيى (وحي متلو)، يەنى جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بەرگەن ئوچۇق ۋەھيى، ھەم ئۇنىڭ لەفزىنى ئوقۇپ ئىبادەت قىلىنىدىغان، ھەم ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىدىغان ۋەھيى، ئۇ بولسىمۇ قۇرئان كەرىمدۇر؛ ئوقۇلمايدىغان ۋەھيى (وحي غير متلو)، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلگەن، ئۇنىڭ لەۋزىنى ئوقۇپ ئىبادەت قىلىنمايدىغان، بەلكى ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىدىغان ۋەھيى. بۇنى ھەدىس ياكى سۈننەت دەيمىز.

[15] سۈرە نەجم، 3-، 4-ئايەت.

[16] سۈرە نىسا، 113-ئايەت.

[17] بۇ ھەقتە مۇنۇ تەپسىرلەرگە قاراڭ: روح المعاني. للآلوسي، دار إحياء التراث العربي-بيروت، (144/5)؛ التحرير والتنوير، لابن عاشور، دار سحنون-تونس: (197/5)

[18] سۈرە نەھل، 44-ئايەت.

[19] سۈرە مائىدە، 67-ئايەت.

تەتبىقلىشى ۋە ئۇنىڭغا توغرا ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن ۋەھيىنى ئىزاھلاش، چۈشەندۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ مۇرادىنى ئېچىپ بېرىشتۇر. ئىنسانلار ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈلگەن ئەمر-پەرمانلارنى توغرا چۈشىنىشكە، ئۇنى ھاياتىدا تەتبىقلاشقا موھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەندىلەرگە يەتكۈزگەن ۋەھيىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت ئىككىنچى بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بايان قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەتتە «ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن» ئىبارىسى كەلدى. بۇ ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ بايانلىرىمۇ بىلدۈرۈلگەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتلەرنى بايان قىلىشتا ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشى بىلەن قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئىلھام قىلغان ۋەھيى بىلەن قىلىدۇ. «ئۇ نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، ئۇ (ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى) پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدۇر»[20] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى مانا مۇشۇنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان نەرسىلەردىن بىرەرسىنى يوشۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن بولمىغاندەك، يەتكۈزگەن نەرسىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بەرمەستىن تاشلاپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئىنسانلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشىنىشتىكى ئوخشاشماسلىقى، بەزىلەرنىڭ توغرا، بەزىلەرنىڭ خاتا چۈشىنىشى؛ توغرا چۈشەنگەنلەرنىڭمۇ توغرىلىق دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى قۇرئاننىڭ بايان قىلىنىشقا قانچىلىك موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئەڭ توغرا چۈشەندۈرىدىغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر.

دېمەك، بۇ ئايەتلەر سۈننەتنىڭ ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى ئۇ سۈننەت قۇرئاندا چۈشىنىش قىيىن بولۇپ قالغان يەرنى ئىزاھلايدۇ، ئومۇمىي كەلگەن ئىپادىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ، ئايەتلەردىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئايەتلەرنى بايان قىلىش ۋەزىپىسىمۇ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈكلىگەن ۋەزىپىدۇر. ھەقىقەت مۇشۇنداق بولغان ئىكەن، قۇرئاننى ئۇنىڭ ئىزاھاتى بولغان سۈننەتتىن ئايرىۋېتىش ۋە قۇرئاننىڭ بايانى بولغان سۈننەتنى ئىنكار قىلىش ئەمەلىيەتتە قۇرئاننىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «ئۇسۋە ھەسەنە»، يەنى ياخشى ئۈلگە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى پەرز قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ ٱللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُوا۟ ٱللَّهَ وَٱلْيَوْمَ ٱلْـَٔاخِرَ وَذَكَرَ ٱللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە ئاللاھنى ۋە ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[21].

يەنە مۇنداق دېدى: ﴿لَقَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَـٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَـٰبَ

[20] سۈرە نەجم، 3-، 4-ئايەت.

[21] سۈرە ئەھزاب، 21-ئايەت.

وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا۟ مِن قَبْلُ لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ﴾ «ئاللاھ مۆئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى پاكلايدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى»[22].

ئاللاھ تائالا بۇ يەردە بۇ ئۇممەتكە ئۆز ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىك نېمىتىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ پەيغەمبەر پەقەت قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈنلا كەلمىدى، بەلكى بۇ ئۇممەتنى پاكلاش، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنى بايان قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇممەتنى تەربىيەلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ. بۇ تەربىيەلەش ۋە ئۆگىتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ تەربىيەلەش ۋە ئۆگىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلايدۇ ۋە قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن يەنە بىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّآ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ بِٱلْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ ٱلنَّاسِ بِمَآ أَرَىٰكَ ٱللَّهُ﴾ «ئى پەيغەمبەر! سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق»[23].

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلھام قىلىشى ۋە يول كۆرسىتىشى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن قۇرئاننى چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى. قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلىش باشقا، قانۇن چىقىرىش باشقا بولغان ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈملىرى قۇرئان كەرىمدە كەلگەن قانۇنلارنىڭ ئەمەلىي بايانى بولۇپ، ئۇ پەقەتلا يەتكۈزۈپ قويۇشتىن زىيادە بىر ئىشتۇر.[24]

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى تولۇق بېرىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار»[25]. ئاللاھ تائالا يەنە كۆپلىگەن ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا ئوخشاش پەرز ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىككى ئىتائەتنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَطِيعُوا۟ ٱللَّهَ وَأَطِيعُوا۟ ٱلرَّسُولَ وَأُو۟لِى ٱلْأَمْرِ مِنكُمْ ۖ فَإِن تَنَٰزَعْتُمْ فِى شَىْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ

[22] سۈرە ئال ئىمران، 164-ئايەت.

[23] سۈرە نىسا، 105-ئايەت.

[24] «رد شبهان حول عصمة النبي صلى الله عليه وسلم»، د. عماد السيد الشربيني، مطابع دار الصحيفة، القاهرة، 1-باسمىسى، 2003-يىلى، 350- ۋە 357-بەتلەر.

[25] سۈرە نۇر، 56-ئايەت.

ٱلْـَٔاخِرِ ۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ «ئى ئىمان كەلتۈرگەن زاتلار! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، بۇ پەيغەمبەرگە ۋە سىلەردىن بولغان باشلىقلارغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر»[26].

بۇ ئايەتتە كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت قۇرئان كەرىمنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكى بايان قىلىنماقتا. بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارغا بويسۇنۇش پەرز بولغان ئىككى ئىتائەتنىڭ باشقا-باشقا بولغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش - ئۇنىڭ كىتابىدىكى ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ئۇنىڭ قۇرئان كەرىمدە كەلمىگەن ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىشتۇر. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە ئىتائەت قىلىش قۇرئاننىڭ ئەمرىدۇر.

بۇ ئايەت يەنە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىنسانلار ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلمىغۇچە مۆئمىن بولالمايدۇ. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ئىجرا قىلغان ئىشلىرى، بەرگەن ھۆكۈملىرى، بۇيرۇغان ۋە توسقان ئىشلىرىدۇر. بۇ ئىسلامدا ئېنىق مۇئەييەنلەشكەن بىر ئىش بولۇپ، ئۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا۟ فِىٓ أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا۟ تَسْلِيمًا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) رەببىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ»[27].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلرَّسُولَ ٱلنَّبِىَّ ٱلْأُمِّىَّ ٱلَّذِى يَجِدُونَهُۥ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ وَٱلْإِنجِيلِ يَأْمُرُهُم بِٱلْمَعْرُوفِ وَيَنْهَىٰهُمْ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ ٱلطَّيِّبَـٰتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ ٱلْخَبَـٰٓئِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَٱلْأَغْلَـٰلَ ٱلَّتِى كَانَتْ عَلَيْهِمْ ۚ فَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِهِۦ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَٱتَّبَعُوا۟ ٱلنُّورَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ مَعَهُۥٓ ۙ أُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ﴾ «ئۇلار ئەلچىگە - ئۇممىي پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان

[26] سۈرە نىسا، 59-ئايەت.

[27] سۈرە نىسا، 65-ئايەت.

ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سىلىنغان تاقاق، كويزا-كىشەنلەردىن بوشىتىدۇ (يەنى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ)، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلەر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەر، ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (يەنى قۇرئان)غا ئەگەشكۈچىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[28].

بۇ ئايەتى كەرىم ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا، ھۆكۈملىرىگە ۋە قىلغان ئىشلىرىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلمىغان بىراۋنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ ئايەت يەنە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ «ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ» دېدى. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ھالال قىلىش ۋە ھارام قىلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ ھالال-ھارام قىلغىنى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالال-ھارام قىلغىنى ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق، ھەر ئىككىسىگە ئەمەل قىلىش ئوخشاشلا پەرزدۇر. مەن مۇسۇلمان دېگەن ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ قۇرئاندا ھالال-ھارام قىلغانلىرىغا ئەمەل قىلىمەن، پەيغەمبەرنىڭ ھالال-ھارام قىلغانلىرىغا ئەمەل قىلمايمەن دېيىش ھەققى يوقتۇر. بۇنداق دېگۈچى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى قوبۇل قىلمىغان بولۇپ، دىندىن چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ ئايەتى كەرىم شەرىئەتنى بىرلا مەنبەدىن ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالادىن ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۈممىتىگە يەتكۈزگەن ۋەھيىلىرى. بۇ ۋەھيىلەر قۇرئان ۋە ھەدىستۇر، ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ۋەھيىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئايەتلەرنىڭ ئاز بىر قىسمى بولغان يۇقىرىقى ئايەتى كەرىملەردىن بىر ھەقىقەت ئايدىڭلاشتى، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىن بىھاجەت بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ۋە قۇرئاننى ھەدىستىن ئايرىشنىڭ قۇرئاننى ئىنكار قىلغانلىق بولىدىغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ پەرزلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىمۇ

[28] سۈرە ئەئراف، 157-، 158-ئايەتلەر.

قوبۇل قىلىنغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلىشنى پەرز قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەت ئەمرىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ»[29].

مانا مۇشۇنداق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرۇق مۇبەللىغ، يەنى قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويغۇچىلا ئەمەس، بەلكى قۇرئاننى يەتكۈزگۈچى، بايان قىلغۇچى، شەرھلىگۈچى ۋە تەپسىلىي ھۆكۈم چىقارغۇچى ئىكەنلىكى قۇرئان كەرىمدە قايتا-قايتا تەكىتلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ رولىنى ئۇنىڭ ھەدىسلىرى ئىجرا قىلىدۇ.

دېمەك، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى ئىزاھلاش ۋە ئومۇمىي يەرلىرىنى خاس قىلىش، ئىخچام جايلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە موھتاج، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا چارە يوق. ئۇنداقتا قانداقمۇ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويۇش، ھەدىسكە ھاجەت يوق» دېگىلى بولسۇن؟!

**3. قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرىدىن باشقا ۋەھيىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئۇچۇق دەلىللەر**

بۇ دەلىللەرنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىلەر:

1) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئەخمەق كىشىلەر: ‹ئۇلارنى (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۆمىنلەرنى) قاراپ كېلىۋاتقان قىبلىسىدىن (يەنى بەيتۇلمۇقەددەستىن) نېمە يۈز ئۆرۈۋەتكۈزگەندۇ؟› دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى: ‹مەشرىق ۋە مەغرىب (يەنى ھەممە تەرەپ) ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ››. شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق. سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى. ئاللاھ ھىدايەت قىلغانلاردىن باشقىلارغا بۇ (يەنى قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى) ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنى (يەنى ئىلگىرى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇغان نامىزىڭلارنى) بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر. بىز سېنىڭ (كەبىنى قىبلە قىلىشنى تىلەپ) قايتا-قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن

[29] ئىمام شافىئىي، «الرسالة»، ئەھمەد شاكىر تەھقىقلىگەن، بېيرۇتتا بېسىلغان، 33-بەت.

ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن...»[30].

بۇ ئايەتى كەرىملەر مۇھىم ئىككى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچىسى، بەيتۇلمۇقەددەس مۇسۇلمانلارنىڭ بۇرۇنقى قىبلىسى بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى باشقا بىر قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى. بۇ ئىككىنچى قىبلە كەئبە مۇشەررەفە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككىنچى قىبلىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ قىبلە بولۇشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلغان. يۇقىرىدىكى ئايەتتىكى «سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى» دېگەن سۆز ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچىسى، بىرىنچى قىبلىمۇ خۇددى ئىككىنچى قىبلىگە ئوخشاش ئاللاھ تائالا تەرەپتىن بەلگىلەنگەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا «سەن يۈز كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان تەرەپنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) قىبلە قىلغانلىقىمىز پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلەرنى ئاسىيلىق قىلغانلاردىن (يەنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەنلەردىن) ئايرىۋېلىشىمىز ئۈچۈنلا ئىدى» دەپ، بىرىنچى قىبلىنى قىبلە قىلغانلىقىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلدى.

بىز قۇرئان كەرىمگە باشتىن-ئاخىر مۇراجىئەت قىلىپ بۇ بىرىنچى قىبلىگە يۈزلىنىشنى بۇيرۇغان ئايەتنى تاپالمايمىز. دېمەك، بۇ بىرىنچى قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇش ئەمرى باشقا بىر ۋەھيى بىلەن كەلگەن، ئۇ بولسىمۇ ھەدىستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمدە بەيتۇلمۇقەددەسنى قىبلە قىلىشقا بۇيرۇغان ئايەت يوق.

2) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەرنىڭ مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىدىن كەسكىنىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرغىنىڭلار، ھەممىسى ئاللاھ بەرگەن رۇخسەت بىلەن بولغاندۇر»[31]. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ خورمىلىرىنىڭ كېسىلىشىنىڭ ئۆزىنىڭ رۇخسىتى بىلەن بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ خورمىزارلىق كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن چۈشكەنلىكى ئېنىق. ئايەتتىكى «كەسكىنىڭلار» ۋە «ئۆز پېتى قالدۇرغىنىڭلار» دەپ ئۆتكەن زامان پېئىلى ئىشلىتىلىشىمۇ بۇ ئايەتنىڭ بولۇپ بولغان ئىش ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز قۇرئان كەرىمنى باشتىن-ئاخىر ئاختۇرۇپ، خورمىلارنىڭ كېسىلىشىگە رۇخسەت بەرگەن ئايەتنى تاپالمايمىز. رۇخسەتنىڭ

[30] سۈرە بەقەرە، 142-، 143- ۋە 144-ئايەتلەر.

[31] سۈرە ھەشر، 5-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىشتىن كېيىن بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بىر ئىشنى قىلىشقا بېرىلگەن رۇخسەت ئۇ ئىشتىن بۇرۇن بولۇشى لازىم. ئۇنداقتا بەنى نەزىرنىڭ خورمىلىرىنى كېسىشكە بېرىلگەن رۇخسەت قۇرئان ئايىتى بىلەن ئەمەس، باشقا بىر ۋەھيى بىلەن بولغان بولۇپ، ئۇ ھەدىستۇر.

3) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى، ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، ئاللاھ بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى). بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە): ‹بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟› دېدى، پەيغەمبەر: ‹ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار ئاللاھ خەۋەر قىلدى› دېدى»[32].

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ھەفسەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىررىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇنى خەۋەر بېرىشى قۇرئان ئايەتلىرى ئارقىلىق بولمىغان. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئايەت يوق. دېمەك، بۇنى قۇرئاندىن باشقا بىر ۋەھيى بىلەن خەۋەر بەرگەن، ئۇ بولسىمۇ ھەدىستۇر.

يۇقىرىدىكى مىساللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان ئايەتلىرىدىن باشقا بىر ۋەھيىنىڭ بېرىلگەنلىكىگە ئېنىق ۋە قەتئىي شەكىلدە دالالەت قىلىدۇ. بۇ بولسا «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى قۇرئاننى يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىسى يوق. ئۇنداق بولغانىكەن، پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاندىن باشقا سۆزىگە ئەگىشىشكە بولمايدۇ» دېگۈچىلەرنىڭ بۇ قارىشىنىڭ باتىللىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 4. قۇرئان كەرىمدە ئىشلىتىلگەن «رەسۇل» ۋە «نەبى» كەلىمىلىرى ھەققىدىكى سەپسەتىگە رەددىيە

قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئايەتلەرنىڭ ئالدىدا ئاجىز قالغان سۈننەت ئىنكارچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق خاتا قارىشىغا يوچۇق تېپىش ئۈچۈن، باشتا «قۇرئاندا ئىشلىتىلگەن ‹رەسۇل› كەلىمىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەمەس، قۇرئاننى مەقسەت قىلىدۇ» دېدى. بۇ سۆزى كارغا كەلمىگەچكە، «قۇرئاندا كەلگەن ‹رەسۇل› بىلەن ‹نەبى›نى ئايرىش كېرەك، ‹رەسۇل› دەپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقان بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا

[32] سۈرە تەھرىم، 3-ئايەت.

ئىتائەت قىلىنىدۇ، ‹نەبى› دېگەندە ئىتائەت قىلىنمايدۇ» دەپ، بىر پەيغەمبەرنى ئىككى شەخس قىلىپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. بۇ ھەر ئىككى قاراش نە ئەقىل، نە ئايەت ۋە نە دىن قوبۇل قىلالمايدىغان سەپسەتىدۇر.

بۇ ھەر ئىككى سەپسەتىگە ئايەت بىلەن جاۋاب بېرىمىز. بىرىنچى سەپسەتىنىڭ جاۋابى:

«قۇرئاندا كەلگەن ‹رەسۇل› سۆزىنىڭ ھەممىسىدىن قۇرئان مەقسەت قىلىنىدۇ» دېسەك، ئايەتلەرنىڭ مەنىسى دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن: تۆۋەندە بىر نەچچە ئايەت ئۈستىدە ئويلىنىپ باقايلى:

1) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِن قَبْلِهِ ٱلرُّسُلُ﴾ «مۇھەممەد پەقەت رەسۇل (ئەلچى) دۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ رەسۇللار (ئەلچىلەر) ئۆتكەن»[33]. بۇ ئايەتتىكى «رەسۇل» سۆزىنى ئەقلى بار بىر ئادەم قۇرئان دەپ تەپسىر قىلامدۇ؟! ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى «مۇھەممەد پەقەت قۇرئاندۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ قۇرئانلار ئۆتكەن» دېگەنلىك بولامدۇ؟

2) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَخْرُجْ مِنۢ بَيْتِهِۦ مُهَاجِرًا إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ يُدْرِكْهُ ٱلْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُۥ عَلَى ٱللَّهِ ۗ وَكَانَ ٱللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ «كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ئاللاھ بېرىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر»[34]. بۇ ئايەتتە كەلگەن «رەسۇل» سۆزىنى قۇرئان دەپ تەپسىر قىلسا ئەقىلگە سىغامدۇ؟! ئۇنداق بولغاندا ئايەتنىڭ مەنىسى «كىم ئۆيىدىن قۇرئاننىڭ يېنىغا ھىجرەت قىلىپ چىقىپ يولدا ئۆلسە» دېگەنلىك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان بولامدۇ؟

3) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ ءَامِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَٱلْكِتَٰبِ ٱلَّذِى نَزَّلَ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَٱلْكِتَٰبِ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ مِن قَبْلُ﴾ «ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار! ئاللاھقا، ئۇنىڭ رەسۇلىغا، ئۇنىڭ رەسۇلىغا چۈشۈرگەن كىتابقا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى چۈشۈرگەن كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار»[35]. بۇ يەردىكى «رەسۇل» سۆزىنى قۇرئان دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ چاغدا ئايەتنىڭ مەنىسى «ئاللاھقا، ئۇنىڭ قۇرئانىغا ۋە ئۇنىڭ قۇرئانىغا چۈشۈرگەن كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېگەنلىك بولامدۇ؟ بۇ بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟!

بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر كۆپ. دېمەك، «قۇرئاندا كەلگەن ‹رەسۇل› سۆزىدىن قۇرئان مەقسەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئەمەس» دېيىش ئەقلىنى يوقاتقان ساراڭنىڭ بىمەنە سۆزىدۇر.

ئىككىنچى «‹رەسۇل› بىلەن ‹نەبى›نى ئايرىش» سەپسەتىسىگە مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: قۇرئان كەرىمدە بۇ ئىككى سۆز بىر مەنىدە ئىشلىتىلگەن. «رەسۇل» ئەلچى، «رەسۇلۇللاھ» ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېگەن بولىدۇ. «نەبى» خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى، «نەبىيۇللاھ» ئاللاھنىڭ

[33] سۈرە ئال ئىمران، 144-ئايەت.

[34] سۈرە نىسا، 100-ئايەت.

[35] سۈرە نىسا، 136-ئايەت.

ئەمر-پەرمانىنى ئېلىپ كەلگۈچى دېگەن بولىدۇ. بۇ ھەر ئىككى سۆز تىلىمىزدا «پەيغەمبەر» دەپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە «رەسۇلغا ئەگىشىڭلار» دېگەن ئايەت بولغاندەك «نەبىگە ئەگىشىڭلار» دېگەن ئايەتمۇ بار. بىر پەيغەمبەرنى بىراقلا «رەسۇل-نەبى» دەپ كەلگەن ئايەتمۇ بار. تۆۋەندە بىر نەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

1) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِيِّ ٱلۡأُمِّيِّ ٱلَّذِي يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَٰتِهِۦ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ﴾ «سىلەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان بۇ ئەلچىسىگە، ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان نەبىگە (پەيغەمبەرگە) ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار»[36]. مانا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «نەبى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى بۇيرىدى.

2) مۇئمىنلارنى نەبىگە ئەگەشكۈچى دەپ ئاتاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَسۡبُكَ ٱللَّهُ وَمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ﴾ «ئى نەبى (پەيغەمبەر)! ساڭىمۇ ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگىمۇ ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.»[37].

3) ئاللاھ تائالا نەبىگە ئەگەشكەن مۇئمىنلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّقَد تَّابَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلنَّبِيِّ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ وَٱلۡأَنصَارِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ ٱلۡعُسۡرَةِ﴾ «ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى»[38].

4) ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نەبى دەپ سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ شَٰهِدٗا وَمُبَشِّرٗا وَنَذِيرٗا ۝ وَدَاعِيًا إِلَى ٱللَّهِ بِإِذۡنِهِۦ وَسِرَاجٗا مُّنِيرٗا﴾ «ئى نەبى! بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئىرادىمىز بىلەن يولىمىزغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلىپ ئەۋەتتۇق»[39].

5) ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ھەم رەسۇل، ھەم نەبى دەپ ئاتاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱذۡكُرۡ فِي ٱلۡكِتَٰبِ إِسۡمَٰعِيلَۚ إِنَّهُۥ كَانَ صَادِقَ ٱلۡوَعۡدِ وَكَانَ رَسُولٗا نَّبِيّٗا﴾ «(ئى پەيغەمبەر!) قەۋمىڭگە قۇرئاندىكى ئىسمائىل (قىسسىسى) نى ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل رەسۇل ھەم نەبى ئىدى»[40]. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىمۇ ھەم رەسۇل، ھەم نەبى دەپ ئاتىغان.

دېمەك، ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرۇغان ئەمرىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ئۇرۇنۇشلىرى پۈتۈنلەي ئاساسسىز قۇرۇق سەپسەتە بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئۆزى رەت قىلىدۇ.

**5. «مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن نەرسىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەر» دېگەن ئايەتتىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن**

[36] سۈرە ئەئراف، 158-ئايەت.
[37] سۈرە ئەنفال، 64-ئايەت.
[38] سۈرە تەۋبە، 117-ئايەت.
[39] سۈرە ئەھزاب، 45-، 46-ئايەتلەر.
[40] سۈرە مەريەم، 54-ئايەت.

**نەرسىدىن مەقسەت يالغۇز قۇرئان كەرىمنىلا ئەمەس، قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.**

بۇنىڭ قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن دەلىللىرى بار. تۆۋەندە بەزىسىنى بايان قىلىمىز:

1) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱلنَّجْمِ إِذَا هَوَىٰ ۝ مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَىٰ ۝ وَمَا يَنطِقُ عَنِ ٱلْهَوَىٰٓ ۝ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْىٌ يُوحَىٰ﴾ «ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. (ئۇ) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. بۇ (ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى) پەقەتلا ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدۇر»[41].

رەببىمىز بۇ ئايەتتە يۇلتۇز بىلەن قەسەم قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرى نەپسى خاھىشى بىلەن سۆزلىگەن نەرسە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەنلىرى مەيلى قۇرئان بولسۇن، ياكى ھەدىس بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن ۋەھيىدۇر. ئەقلى بار ئادەم بۇ ئايەتتىن شۇنى بىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىمۇ قۇرئانغا ئوخشاش ۋەھيىدۇر، چۈنكى ھەر ئىككىسى ئاللاھتىن كەلگەن.

2) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَعَلَّمَكَ مَا لَمْ تَكُن تَعْلَمُ﴾ «ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى سۈننەتنى) نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ۋە غەيب ئىشلارنى) بىلدۈردى»[42]. يەنە مۇنداق دېدى: ﴿هُوَ ٱلَّذِى بَعَثَ فِى ٱلْأُمِّيِّـۧنَ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا۟ مِن قَبْلُ لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ﴾ «ئاللاھ ئۇممىيلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ»[43]. يەنە مۇنداق دېدى: ﴿لَقَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا۟ مِن قَبْلُ لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ﴾ «ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان ۋە سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى»[44].

ئىمام شافىئىي ئايەتتىكى «ھېكمەت» كەلىمىسىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن قۇرئان ئىلمىنى ياخشى بىلىدىغانلىقىغا

---

[41] سۈرە نەجم، 1-4-ئايەتلەر.

[42] سۈرە نىسا، 113-ئايەت.

[43] سۈرە جۇمۇئە، 2-ئايەت.

[44] سۈرە ئال ئىمران: 164-ئايەت.

ئىشىنىدىغان بىر كىشى: ‹ھېكمەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر» دېدى»[45].

شۇنىسى ئېنىقكى، كىتاب بىلەن ھېكمەت بىر مەنىدە ئەمەس. كىتاب قۇرئاننى، ھېكمەت سۈننەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇ ئايەت: ﴿وَٱذۡكُرۡنَ مَا يُتۡلَىٰ فِي بُيُوتِكُنَّ مِنۡ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ وَٱلۡحِكۡمَةِۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ لَطِيفًا خَبِيرًا﴾ «(ئى پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى!) ئۆيلىرىڭلاردا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ھېكمەت (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى) تىن ئوقۇلۇۋاتقان نەرسىلەرنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىرلارنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»[46].

بۇ ئايەت ھېكمەتنىڭ قۇرئانغا ئوخشاش ئوقۇلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظًا﴾ «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) كىمكى سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»[47].

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى: ﴿وَٱتَّبِعُوٓاْ أَحۡسَنَ مَآ أُنزِلَ إِلَيۡكُم مِّن رَّبِّكُم﴾ «ئۆزۈڭلارغا رەببىڭلار تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان (كىتابلارنىڭ) ئەڭ گۈزىلى (قۇرئان) غا ئەگىشىڭلار»[48]. بۇ يەردىكى «ئەڭ گۈزەل» كەلىمىسىدىن مەقسەت - قۇرئان كەرىم. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەممىسى گۈزەل، شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىمۇ گۈزەل. ئىمام سۇددىي[49] بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ گۈزەل نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدە بۇيرۇغانلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى بۇيرىدى. دېمەك، سۈننەتمۇ ‹ئەڭ گۈزەل› سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ». ئاللاھ تائالا بۇ يەردە قۇرئان كەرىمنى «ئەڭ گۈزەل» دەپ سۈپەتلەشتە سۈننەت ئىنكارچىلىرى گۇمان قىلغاندەك قۇرئان بىلەن سۈننەتنى ئايرىش ئۈچۈن ئەمەس، قۇرئان بىلەن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن تەۋرات، ئىنجىلغا ئوخشاش كىتابلارنى ئايرىش ئۈچۈندۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدە بولغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ئەگىشىشنىڭ پەرز بولۇشىدا قۇرئان بىلەن سۈننەت ئوخشاش مەرتىۋىدە. چۈنكى ھەر ئىككىسى بىر مەنبەدىن چىققان.

[45] ئىمام شافىئىي، «الرسالة»، ئەھمەد شاكىر تەھقىقلىگەن، بېيرۇتتا ئىلمىي كۇتۇپخانا تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 78-بەت.

[46] سۈرە ئەھزاب: 34-ئايەت.

[47] سۈرە نىسا: 80-ئايەت.

[48] سۈرە زۇمەر: 55-ئايەت.

[49] ئىمام سۇددىي: ئىسمائىل ئىبنى ئابدۇراھمان ئەل سۇددىي تابىئىن ئالىملاردىن بولۇپ، ساھابەنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ھەم ھەدىس، ھەم تەپسىر ئالىمى. ئىمام مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىس ئىماملىرى ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭ «التفسير الكامل» ناملىق چوڭ تەپسىرى بار.

### خۇلاسە

1. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ گۈزەل ئۈلگىدۇر. ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ﴾ «شەكسىزكى، سىلەرگە رەسۇلۇللاھ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»[50]. بۇ بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ سۈننىتىنىڭ مەرتىۋىسىنى بايان قىلىش ئۈچۈندۇر. دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ پەرزلىكى ئۇنىڭ قۇرئاندىن يەتكۈزگەنلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگىمۇ ئەگىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى پەقەت قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئىزاھلاش، بايان قىلىش، ئۇنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئەمەلىي ھاياتتا قانداق تەتبىقلاشنى ئۆگىتىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۈننەتنىڭ رولىدۇر. بۇنىڭغا دالالەت قىلىدىغان ئايەتلەر كۆپ بولۇپ بەزىلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق.

3. سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە دەلىل قىلىۋالغان ئىككى ئايەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ پەقەتلا قۇرئاننى يەتكۈزۈپ قويۇش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئىنسانلارنى زورلاپ ئىمان ئېيتقۇزۇش ۋەزىپىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

4. سۈننەت ئىنكارچىلىرىنىڭ «قۇرئاندا كەلگەن ‹رەسۇل› سۆزىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەس، قۇرئان مەقسەت قىلىنىدۇ» دېگىنى، ئەرەب تىلى قائىدىسىگىمۇ چۈشمەيدىغان، قۇرئاننىڭ ئۆزىگىمۇ زىت كېلىدىغان خاتا قاراشتۇر. يەنە «نەبى» بىلەن «رەسۇل» ئوتتۇرىسىنى ئايرىش دەۋاسىمۇ قۇرئان كەرىمگە زىت كېلىدىغان بىر سەپسەتىدۇر.

5. سۈننەت-ھەدىس ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشى بىلەن سۆزلىمىگەن. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ مەيلى قۇرئاندىن، مەيلى ھەدىستىن بولسۇن خەۋەر بەرگەنلىرىگە ئەگىشىش پەرز.

6. سۈننەت بىلەن قۇرئاننىڭ پەرقى: قۇرئان ئاللاھ تائالا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتكەن ئوچۇق ۋەھيىدۇر. يەنى قۇرئان كەرىمنىڭ لەفزىمۇ، مەنىسىمۇ ئاللاھتىندۇر. سۈننەت بولسا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ئىلھام قىلغان ۋەھيىدۇر. يەنى سۈننەتنىڭ مەنىسى ئاللاھتىن، لەفزى رەسۇلۇللاھتىندۇر.

ئاللاھ تائالادىن ھەق ئۈستىدە دائىم قىلىشنى تىلەيمىز.

[50] سۈرە ئەھزاب، 21-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



ئابدۇسالام تەكلىماكان
مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى ھەدىس دوكتورانتى

ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ھەدىس (3)

# ھەدىس ئىلمىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ ئۇلى

## ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىش جەريانى

ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، باشقىلارنىڭ سۆزى ياكى ئىشىنى ماقۇللىشى ۋە سۈپەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئومۇمىي ئاتالغۇدۇر[1]. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەۋە بولغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئۇن تۆت ئەسىر بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان بۇ بىرىكمىنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلىشىنىڭ ئۆزىنىلا بىر مۆجىزە دېسەك ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشى تۆت باسقۇچتىن تەركىب تاپقان:

رىۋايەت باسقۇچى. يەنى ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغاندا، ئۇنى كۆرۈش، ئاڭلاش ۋە ئەستە تۇتۇش ۋە ئەمەل قىلىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ سائادەت دەۋرىدىلا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا) باشلىنىپ بولغان.

كىتابەت باسقۇچى. يەنى ھەدىسلەرنىڭ رەتلەنمەستىن يېزىلىشى. بۇ باسقۇچمۇ سائادەت دەۋرىدە باشلانغان.

تەدۋىن باسقۇچى. يەنى يېزىلغان ھەدىسلەرنى ئىككى مۇقاۋا ئارىسىغا ئېلىپ كىتابلاشتۇرۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ئەمەۋىي خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىبنى شىھاب ئەززۇھرى تەرىپىدىن باشلانغان.

تەسنىف باسقۇچى. يەنى ھەدىس ھەققىدە يېزىلغان كىتابلارنىڭ پەرقلىق مېتودلار بويىچە رەتلىنىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچ ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە باشلىنىپ، ئۈچىنچى ئەسىردە گۈللەنگەن. ماقالىمىز مۇشۇ ھەقتە بولىدۇ.

ھەدىسلەرنىڭ بىزگە يېتىپ كېلىشىنى مۇشۇ باسقۇچلار بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن ياكى بىرەر ئىش قىلغان چاغدا، كۆپىنچە ئەھۋالدا بىردىن كۆپ ساھابە سورۇندا بولاتتى. ساھابىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەدىسلەرنى يادقا ئېلىپ، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان

---

[1] «قواعد التحديث من فنون مصطلح الحديث»، جمال الدين القاسمي الدمشقي، ص : بيروت-2004.

بولسا، ئاز بىر قىسىم ساھابىلەر ھەدىسلەرنى يېزىۋېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ماقالىمىزدا ھەدىس ئىنكارچىلىرىنىڭ ھەدىسلەرنىڭ ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە پەقەتلا ئاغزاكى رىۋايەت بىلەن يەتكۈزۈلگەنلىكى، ئاغزاكى رىۋايەتتە ئۇنتۇش ياكى ئۆزگەرتىش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرىلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلەرگە ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى سەپسەتىلىرىنى بىتچىت قىلىش مەقسەت قىلىنغان. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ئىلمىي خىزمەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە كۈنىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئاشۇ مۇقەددەس يولغا قايتماي تۇرۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىشمۇ مەقسەت قىلىنغان.

ھەدىس تېكىستلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مېتود بويىچە رەتلەنگەنلىكىنى بايان قىلىش مۇمكىن؛

ھەدىسلەرنىڭ تېمىغا قارىتا رەتلىنىشى. يەنى ھەدىس ئەسەرلىرىنىڭ ھەدىس تېكىستىدە بايان قىلىنغان تېمىغا ئاساسەن رەتلىنىپ يېزىلىشى. «سەھىھۇل بۇخارىي»دەك «جامىئ»، «سۇنەنى ئەبۇ داۋۇد»تەك «سۇنەن»، «مۇسەننەفى ئابدۇررازق»تەك «مۇسەننەف» قاتارلىق تۈرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

ھەدىسلەرنىڭ راۋىيغا قارىتا رەتلىنىشى. يەنى ھەدىسلەرنىڭ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان راۋىيلارنى ئاساس قىلغان ھالدا رەتلىنىشى. «مۇسنەدى ئەھمەد»تەك «مۇسنەد»، «مۇئجەمۇلكەبىر»دەك «مۇئجەم» تۈردە يېزىلغان ئەسەرلەر بۇنىڭغا ئۆرنەك بولالايدۇ.

ھەدىسلەر يۇقىرىدىكى ئىككى مېتود بويىچە رەتلىنىپ، كۈنىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن. تۆۋەندە ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە «مۇسەننەف» ۋە «مۇسنەد» تۈردە يېزىلغان ئەسەرلەرنى قىسقىچە تونۇش بىلەن بىللە، ئىككىنچى ئەسىردە ھەدىس ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى بايان قىلىمىز ۋە ھەدىس ئىلمىنىڭ ئالتۇن دەۋرى، دەپ ھېسابلانغان ئۈچىنچى ئەسىردىكى ھەدىس تەتقىقاتىغا بولغان تەسىرىنى يورۇتۇشقا تىرىشىمىز.

### ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە مۇسەننەف

مۇسەننەف تۈر مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «سىنىف» كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، تۈرلەش ۋە تۈرلەندۈرۈش دېگەن مەنىدە[2]. مۇسەننەف ھەدىس ئىلمىدە «جامىئ، سۇنەن، مۇستەدرەك، مۇستەخرەج، زاۋائىد» قاتارلىق تېمىغا قارىتا رەتلەنگەن ھەدىسلەرگە بېرىلگەن ئومۇمىي ئاتالغۇ بولۇپ[3]، بۇ تۈردە يېزىلغان ئەسەرلەردە پەيغەمبەر

[2] «لسان العرب»، ئىبنى مەنزۇر، 9-جىلد، 199-بەت. بەيرۇت-1968.

[3] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، مۇسەننەف قىسمى، ئاپتورى: ئىبراھىم خەتىب ئوغلى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن بىللە، ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە تابىئىيلارنىڭ پەتىۋالىرىمۇ بايان قىلىنىدۇ[4]. مۇسەننەف مېتودىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە يېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۈچىنچى ئەسىردە گۈللەنگەن.

ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى سانلىرىدا ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە يېزىلغان ئەسەرلەرنى بايان قىلغىنىمىزدا، «مۇسەننەف» تۈرىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا، ھەمماد ئىبنى سەلەمە، ئىسمائىل ئىبنى ئەيياش، ھۇشەيم ئىبنى بەشىر، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق ئالىملارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق. تۆۋەندە يەنە بەزى ئالىملارنىڭ بۇ تۈردە يازغان ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

## ئەبۇ يۇسۇف

ئەبۇ يۇسۇف يەئقۇب ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ھەبىب ئەنسارى كۇفى 113 (731)-يىلى كۇفىدە تۇغۇلغان[5]. ئۇ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى، ئاتائ ئىبنى سائىب، ئەئمەش، ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى، يەھيا ئىبنى مەئىن، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئەلى ئىبنى جەئد، ئەسەد ئىبنى فۇرات، ئەھمەد ئىبنى مەنىئ قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[6].

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئۆگىنىشنى باشلىغىنىمدا ئەبۇ يۇسۇفنىڭ دەرسىگە قاتناشتىم. ئۇ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەدكە قارىغاندا ھەدىس ئەھلىگە مايىلراق ئىدى، ئەبۇ يۇسۇف ھەدىسكە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى يازغانىدى»[7].

ئىمام ئەبۇ يۇسۇف مەھدى، ھادى ۋە ھارۇن رەشىد قاتارلىق ئۈچ ئابباسىي خەلىپىسىنىڭ قازىسى بولغانىدى[8].

ئىمام ئەبۇ يۇسۇف فىقھ بىلەن تونۇلغان ۋە قازىلىق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىس ھەققىدىكى «ئاسار» ناملىق ئەسىرى ھەدىس ئىلمىدىكى ئورنى ۋە مەرتىۋىسىنى روشەن نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەبۇ يۇسۇفنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدە 1067 ھەدىس ۋە رىۋايەت مەۋجۇت بولۇپ، ھەدىسلەر «جامىئ» تۈردىكى تەرتىپ بويىچە رەتلەنگەن. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى 1937-ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئابات شەھىرىدە ئەبۇ ۋەفانىڭ تەھقىقى بىلەن نەشر قىلىنغان[9].

ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن

[4] «الوجيز في تعريف كتب الحديث»، سەييىد ئابدۇلماجىد ئەلغۇرىي، 63-بەت، بەيرۇت-2009.

[5] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئەبۇ يۇسۇف قىسمى، ئاپتورى: سالىم ئۆگۈت.

[6] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 8-جىلد، 536-بەت، بەيرۇت-1996.

[7] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 8-جىلد، 537-بەت، بەيرۇت-1996.

[8] «وفيات الأعيان وأنباء أبناء الزمان»، ئىبنى خەللىكان، 6-جىلد، 379-بەت، بەيرۇت-1990.

[9] «الآثار»، ئەبۇ يۇسۇف، ھىندىستان-1937.

ئەسەرلىرى ئارىسىدا «خەراج» ئىسىملىك ئەسىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئەسەردە سەدىقە، ئۆشرە، زاكات، خەراج قاتارلىق تېمىلار ھەققىدە ھەدىس ۋە رىۋايەتلەر مەۋجۇت. بۇ ئەسەر 1979-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[10].

ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىرى «ئەررەددۇ ئەلا سىيەرى ئەلئەۋزائى» ناملىق رىسالىسى بولۇپ، ئەسەردە ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ئۇستازى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ پىكىرلىرىنى ياقلاپ، ئەۋزائىينىڭ پىكىرلىرىگە رەددىيە بېرىدۇ. ئەسەر 1975-يىلى ئەبۇ ۋەفانىڭ تەھقىقى بىلەن ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئابات شەھرىدە نەشر قىلىنغان[11].

ئىمام ئەبۇ يۇسۇفنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىرى «ئىختىلافۇ ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىبنى ئەبى لەيلا» ئىسىملىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ئۇستازى ئىمام ئەبۇ ھەنىفە بىلەن ئىبنى ئەبۇ لەيلا ئارىسىدا تالاش-تارتىش قىلىنغان فىقھىي مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. ئەسەر 1939-يىلى ئەبۇ ۋەفانىڭ تەھقىقى بىلەن ھىندىستاننىڭ ھەيدەرئابات شەھرىدە نەشر قىلىنغان[12]. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف 182 (798)-يىلى باغداتتا ۋاپات بولغان[13].

[10] «الخراج»، ئەبۇ يۇسۇف، بەيرۇت-1979.

[11] «الرد على سير الأوزاعي»، ئەبۇ يۇسۇف، ھىندىستان-1975.

[12] «إختلاف أبي حنيفة وابن أبي ليلى»، ئەبۇ يۇسۇف، ھىندىستان-1939.

[13] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئەبۇ يۇسۇف قىسمى، ئاپتورى:



مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي

ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى فەرقەد كۇفىي، 132 (749-750)-يىلى ۋاسىتتا تۇغۇلغان[14]. ئۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام ئەبۇ يۇسۇف، مىسئەر ئىبنى كىدام، مالىك ئىبنى مىغۋەل، ئەۋزائىي، ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا ئىمام شافىئىي، ئەبۇ ئۇبەيد قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[15].

ئىمام زەھەبىي مۇنداق دېگەن: «ئىمام مۇھەممەد ئىمام ئەبۇ يۇسۇفتىن كېيىن ھارۇن رەشىد تەرىپىدىن قازىلىققا تەيىنلەنگەن بولۇپ، ئىلمى بىلەن بىرلىكتە پاراستى بىلەنمۇ تونۇلغاندى»[16].

ئىبراھىم ھەربىي مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن:

- بۇ ئىنچىكە مەسىلىلەر ھەققىدىكى پىكىرلەرنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟- دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

- ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ كىتابلىرىدىن،- دەپ جاۋاب بەردى»[17].

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىينىڭ بىر نەچچە ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن

سالىم ئۆگۈت.

[14] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى قىسمى، ئاپتورى: ئايدىن تاش، مۇھەممەت ئۆزشەنەل.

[15] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 9-جىلد، 135-بەت، بەيرۇت-1996.

[16] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 9-جىلد، 135-بەت، بەيرۇت-1996.

[17] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 9-جىلد، 136-بەت، بەيرۇت-1996.

بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەدىس ئىلمىگە ئائىت بولغان ئەسەرلەرمۇ، ھەنەفىي فىقھىسىغا ئالاقىدار بولغان كىتابلارمۇ مەۋجۇت. ئۇنىڭ فىقھى ھەققىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن بىرى «جامىئۇسسەغىر» ناملىق ئەسەر بولۇپ، ئەسەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىبادەت، نىكاھ-تالاق، تىجارەت ۋە سودا-سېتىق، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ۋەسىيەت قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ئەسەر 1990-يىلى پاكىستاندا نەشر قىلىنغان[18].

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ فىقھى ھەققىدىكى يەنە بىر ئەسىرى «ئەلئەسل» ناملىق ئەسەر بولۇپ، ئەسەر دوكتور مۇھەممەد بوينۇ كالىن تەرىپىدىن تەھقىقلەنگەن ۋە 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[19]. ئۇنىڭ فىقھى ھەققىدىكى يەنە بىر ئەسىرى «زىيادەتۇززىيادات» بولۇپ، ئەسەر ئەبۇ ۋەفانىڭ تەھقىقى بىلەن 1986-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[20]. ئىمامنىڭ فىقھى ھەققىدە يازغان يەنە بىر ئەسىرى «ئەلجامىئۇلكەبىر» ناملىق ئەسەر بولۇپ، 1938-يىلى ھىندىستاندا نەشر قىلىنغان[21].

[18] «الجامع الصغير»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي، پاكىستان-1990.

[19] «الأصل»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي، بەيرۇت-2012.

[20] «زيادة الزيادات»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي، بەيرۇت-1986.

[21] «الجامع الكبير»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي، ھىندىستان-1938.

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن فىقھىنىڭ تۈرلۈك تېمىلىرى ھەققىدىمۇ كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھىلە شەرئىيە ھەققىدە يازغان «ئەلمەخارىج فىلھىيەل» ناملىق ئەسىرى 1999-يىلى مىسىردا نەشر قىلىنغان[22]. ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ ئەسەرلىرى ئارىسىدا «كەسب» ناملىق ئەسىرىمۇ بار بولۇپ، تۇرمۇشنى قامداشقا مۇناسىۋەتلىك ئىسلامىي ئۆلچەم ۋە قائىدىلەر بايان قىلىنغان. ئەسەر ئابدۇلفەتتاھ ئەبۇ غۇددەنىڭ تەھقىقى بىلەن 1997-يىلى سۈرىيەنىڭ ھەلەب شەھرىدە نەشر قىلىنغان[23].

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىسلامدىكى جەڭ ۋە ئۇرۇش ئەھكامىنى بايان قىلىپ «ئەسسىيەر ئەلكەبىر» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر ئىمام سەرەخسىي تەرىپىدىن شەرھلەنگەن ۋە ئىمام سەرەخسىينىڭ شەرھى بىلەن بىللە 1997-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[24]. ئىمام مۇھەممەدنىڭ ھەنەفىي مەزھىپى بىلەن مالىكى مەزھىپىنى سېلىشتۇرغان ئاساستا يازغان «ئەلھۇججە ئەلا ئەھلىلمەدىنە» ناملىق ئەسىرى فىقھى مۇقارەن (سېلىشتۇرما فىقھە) ئىلمىنىڭ ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ، 1983-

[22] «المخارج في الحيل»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي، بەيرۇت-1986.

[23] «الكسب»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي، ھەلەب-1997.

[24] «شرح كتاب السير الكبير»، شەمسۇلئەئىممە سەرەخسىي، بەيرۇت-1997.

يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[25].

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىينىڭ ھەدىس ئىلمىدە يازغان مۇھىم ئىككى ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ بىرى ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەسنىڭ «مۇۋەتتائ» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى رىۋايىتى بولۇپ، ئىمام مۇھەممەد ئۇستازى ئىمام مالىكتىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، زۆرۈر يەرلەردە ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئالاھىدە بايان قىلغان. ئەسەردە 1008 ھەدىس ۋە رىۋايەت بايان قىلىنغان بولۇپ، 1994-يىلى قاھىرەدە ئابدۇلۋاھاب ئابدۇللەتىفنىڭ تەھقىقى بىلەن نەشر قىلىنغان[26].

ئىمام مۇھەممەد رىۋايەت قىلغان بۇ مۇۋەتتەئىنى بىر نەچچە ئالىم شەرھلىگەن بولۇپ، بۇ شەرھلەرنىڭ بىرى ئىمام لەكنەۋىينىڭ «ئەتتەئلىقۇلمۇمەججەد» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، 1991-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[27]. ئىمام مۇھەممەدنىڭ «مۇۋەتتائ» رىۋايىتىگە قىلىنغان شەرھلەرنىڭ يەنە بىرى ئىمام ئوسمان ئىبنى سەئىد كۇماخىنىڭ «ئەلمۇھەييائ» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، 2005-يىلى ئەھمەد ئەلى تەھقىقى بىلەن قاھىرەدە نەشر قىلىنغان[28].

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەننىڭ ھەدىس ھەققىدىكى يەنە بىر ئەسىرى «ئەلئاسار» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئەسەردە 913 ھەدىس ۋە رىۋايەت بايان قىلىنغان. ئىمام مۇھەممەد بۇ ئەسەرنى ئۇستازى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدىن ئاڭلىغان ھەدىس ۋە رىۋايەتلەرنى نەقىل قىلىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان. ئەسەر 2008-يىلى خالىد ئەۋۋاد تەھقىقى بىلەن بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[29].

ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى 189 (805)-يىلى رەي دېگەن جايدا ۋاپات بولغان[30].

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب

ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب ئىبنى مۇسلىم فىھرىي مىسرىي 125 (743)-يىلى قاھىرەدە تۇغۇلغان[31]. ئۇ 17 ياشتا ئىلىم ئۆگىنىشنى باشلىغان ۋە ئىبنى جۇرەيج، يۇنۇس ئىبنى يەزىد، مالىك ئىبنى ئەنەس، لەيس ئىبنى سەئد قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى، ھەرمەلە ئىبنى يەھيا، ئەھمەد ئىبنى سالىھ مىسرىي، ھارىس ئىبنى مىسكىن، يەھيا ئىبنى يەھيا لەيسىي، يۇنۇس ئىبنى ئابدۇلئەئلا،

[25] «الحجة على أهل المدينة»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي، بەيرۇت-1983.

[26] ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن رىۋايىتى، قاھىرە-1994.

[27] «التعليق الممجد على موطأ محمد»، ئابدۇلھەي لەكنەۋىي، بەيرۇت-1991.

[28] «المهيأ في كشف أسرار الموطأ»، ئوسمان ئىبنى سەئىد كۇماخىي، قاھىرە-2005.

[29] «الآثار»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىي، بەيرۇت-2008.

[30] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى قىسمى، ئاپتورى: ئايدىن تاش، مۇھەممەت ئۆزشەنەل.

[31] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئىبنى ۋەھب قىسمى، ئاپتورى: ساففەت كۆسە.

ئىبنى ئابدۇلھەكەم قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[32].

ئەھمەد ئىبنى سالىھ مىسرىي: «ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب 100 مىڭ ھەدىسنى ئۈگەتتى، ئۇنىڭدىن كۆپ ھەدىس ئۈگەتكەن كىشىنى كۆرمىدىم، مەنمۇ ئۇنىڭدىن 70 مىڭ ھەدىس ئۈگەندىم» دېگەن[33].

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھبىنىڭ بىر نەچچە ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلاردىن «قەدەر» ناملىق ئەسىرىدە 51 ھەدىس ۋە رىۋايەت بار. بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى نەشرى 1986-يىلى مەككىدە[34]، ئىككىنچى باسمىسى 2001-يىلى رىيادتا نەشر قىلىنغان[35].

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھبىنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يەنە بىر ئەسىرى تەپسىر ھەققىدە يېزىلغان «ئەلجامىئ مىن ئۇلۇمىلقۇرئان» ناملىق ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەردە 287 ھەدىس ۋە رىۋايەت مەۋجۇت. ئەسەر 2003-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[36].

ئۇنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يەنە بىر ئەسىرى «ئەلجامىئ فىلھەدىس» بولۇپ، ئەسەردە 717 ھەدىس ۋە رىۋايەت بار. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى 1996-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دەممام شەھىرىدە نەشر قىلىنغان[37].

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھبىنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «ئەلمۇۋەتتەئ» بولۇپ، بۇ ئەسەردە 521 ھەدىس ۋە رىۋايەت مەۋجۇت. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى 1999-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ دەممام شەھىرىدە نەشر قىلىنغان[38].

ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب 197 (813)-يىلى ۋاپات بولغان[39].

ئابدۇرراززاق ئىبنى ھەممام سەنئانىي

ئەبۇ بەكر ئابدۇرراززاق ئىبنى ھەممام ئىبنى نافىئ ھىمىيەرى سەنئانىي 126 (743-744)-يىلى يەمەننىڭ سانئا شەھىرىدە تۇغۇلغان[40]. ئۇ ئىبنى جۇرەيج، مەئمەر ئىبنى راشىد، ئەۋزائى، سۇفيان سەۋرى، مالىك ئىبنى ئەنەس، ئىسمائىل ئىبنى ئەيياش، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، فۇزەيل ئىبنى ئىياز، مۇئتەمىر ئىبنى سۇلايمان، ھۇشەيىم ئىبنى بەشىر، ئەبۇ بەكر ئىبنى ئەيياش[41] قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىسھاق ئىبنى

[32] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 9-جىلد، 223-234-بەت، بەيرۇت-1996.

[33] «الانتقاء في فضائل الثلاثة الأئمة الفقهاء مالك والشافعي وأبي حنيفة رضي الله عنهم»، ئىبنى ئابدۇلبەر، 94-بەت، بەيرۇت-1997.

[34] «القدر وما ورد في ذلك من الآثار»، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، مەككە-1986.

[35] «القدر وما ورد في ذلك من الآثار»، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، رىياد-2001.

[36] «الجامع من علوم القرآن»، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، بەيرۇت-2003.

[37] «الجامع في الحديث»، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، دەممام-1996.

[38] «الموطأ»، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب. دەممام-1999.

[39] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئىبنى ۋەھب قىسمى، ئاپتورى: ساففەت كۆسە.

[40] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئابدۇرراززاق سانئانىي قىسمى، ئاپتورى: ئەلى ئاكيۈز.

[41] «تهذيب الكمال»، ئەبۇ ھەججاج مىززىي، 18-جىلد، 54-بەت، بەيرۇت-1980.

راھۋيەھ، يەھيا ئىبنى مەئىن، ئەلى ئىبنى مەدىنى، ئەھمەد ئىبنى سالىھ مىسرى[42]، ئەبۇ خەيسەمە زۇھەير ئىبنى ھەرب، ئەبد ئىبنى ھۇمەيد، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[43].

ئىبنى سەمئانىي مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئىلىم تەلەپ قىلغانلار ئابدۇررازاقنىڭ يېنىغا بارغاندەك ھېچكىمنىڭ يېنىغا بېرىپ باقمىغان»[44].

ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممامنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «مۇسەننەف» بولۇپ، بۇ ئەسەردە 21958 ھەدىس ۋە رىۋايەت بار[45]. كىتابنىڭ باشقا بىر باسمىسىدا 21033 ھەدىس ۋە رىۋايەت بايان قىلىنغان[46]. بۇ ئەسەر كۆنمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان.

ئابدۇررازاق سەنئانى 211 (826 ياكى 827)-يىلى ۋاپات بولغان[47].

ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە مۇسنەد

«مۇسنەد» ئەرەبچىدە «كۆتۈرۈش، نىسبەت بېرىش» قاتارلىق مەنىلەردە ئىشلىتىلىدىغان «سەنەد»

[42] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 9-جىلد، 565-بەت، بەيرۇت-1996.

[43] «تهذيب الكمال»، ئەبۇ ھەججاج مىززىي، 18-جىلد، 56-بەت، بەيرۇت-1980.

[44] «وفيات الأعيان وأنباء أبناء الزمان»، ئىبنى خەللىكان، 3-جىلد، 216-بەت، بەيرۇت-1990.

[45] «المصنف»، ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممام، بەيرۇت-2015.

[46] «المصنف»، ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممام، بەيرۇت-1983.

[47] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئابدۇررازاق سانئانىي قىسمى، ئاپتورى: ئەلى ئاكيۈز.

كەلىمىسىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، ھەدىستىكى مۇسنەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىلگەن ھەدىستۇر[48]. مۇسنەد ھەدىس ئىلمىدە ھەربىر ساھابەنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى راۋىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ توپلىمىدۇر. بۇ تۈردىكى ھەدىسلەر توپلانغاندا ھەدىسنىڭ سەھىھ ياكى ئەمەسلىكى نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ[49]. مۇسنەد مېتودىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە يېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۈچىنچى ئەسىردە گۈللەنگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك

ئەبۇ ئابدۇرراھمان ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئىبنى ۋادىھ ھەنزەلى تۈركى مەرۋەزىي 118 (736)-يىلى مەرۋەدە دۇنياغا كەلگەن[50]. ئۇ رەبىئ ئىبنى ئەنەس خۇراسانىي، ھەمىد تەۋىل، ئاسىم ئەھۋەل، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارىي، ئەۋزائىي، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، مەئمەر ئىبنى راشىد، سۇفيان سەۋرىي، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئىبنى ئەبۇ زىئب، ھەمماد ئىبنى سەلەمە، ھەمماد ئىبنى زەيد، مالىك ئىبنى ئەنەس، لەيس ئىبنى سەئد، ھۇشەيم ئىبنى بەشىر، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن

[48] «لسان العرب»، ئىبنى مەنزۇر، 3-جىلد، 221-بەت، بەيرۇت-1968.

[49] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، مۇسنەد قىسمى، ئاپتورى: ئىبراھىم خەتىب ئوغلى.

[50] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك قىسمى، ئاپتورى: راشىت كۈچۈك.

بولسا ئىبنى ۋەھب، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى، ئابدۇررازاق ئىبنى ھەممام، يەھيا ئىبنى سەئىد قەتتان، يەھيا ئىبنى مەئىن، ئەبۇ بەكر ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ئەھمەد ئىبنى مەنىئ، ئەلى ئىبنى ھىجر قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[51].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئىلىم تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە ھىجاز، شام، مىسىر، ئىراق، خۇراسان قاتارلىق يەرلەرگە سەپەر قىلغان[52].

يەھيا ئىبنى ئادەم مۇنداق دېگەن: «ئىنچىكە مەسىلىلەرگە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ كىتابلىرىدىن جاۋاب تاپالمىسام، ئۈمىدىمنى ئۈزەتتىم»[53].

ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى مۇنداق دېگەن: «زامانىمىزدىكى ئالىملار تۆتتۇر: سۇفيان، مالىك، ھەمماد ئىبنى زەيد ۋە ئىبنى مۇبارەك»[54].

ئىمران ئىبنى مۇسا تەرسۇسىي مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى سۇفيان ئىبنى ئۇيەينەدىن بىر مەسىلىنى سورىغانىدى، سۇفيان ئۇنىڭدىن:

- سەن نەدىن؟- دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

- مەن خۇراساندىن،- دېگەنىدى، سۇفيان:

- شەرقنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمىنىڭ يېنىدىن كېلىپ، مەندىن سورامسەن؟- دېدى. ئۇ كىشى:

- كىم ئۇ؟- دەپ سورىدى. سۇفيان:

- ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك،- دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، ئۇ كىشى:

- ئابدۇللاھ ھەقىقەتەن شەرقنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمىمۇ؟- دەپ سورىدى. سۇفيان:

- ھەم شەرقنىڭ، ھەم غەربنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكتۇر،- دەپ جاۋاب بەردى»[55].

يەھيا ئىبنى مەئىن: «ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ھەدىس ئىلمىدە ئەمىرۇلمۇئمىنىن (مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى)دۇر» دېگەن[56].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ بىر نەچچە ئەسەر يازغانلىقى مەنبەلەردە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنىڭ بىرى «زۇھد» ھەققىدە يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، ئەسەردە 2063 ھەدىس ۋە رىۋايەت مەۋجۇت. مەزكۇر ئەسەر 2004-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[57].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ كۈنىمىزگىچە كەلگەن يەنە بىر ئەسىرى «جىھاد» ناملىق ئەسەر بولۇپ، 262 ھەدىس ۋە رىۋايەت بايان قىلىنغان. ئەسەر 2009-يىلى

[51] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 8-جىلد، 380-بەت، بەيرۇت-1996.

[52] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 8-جىلد، 381-بەت، بەيرۇت-1996.

[53] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 8-جىلد، 383-بەت، بەيرۇت-1996.

[54] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 8-جىلد، 388-بەت، بەيرۇت-1996.

[55] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 8-جىلد، 389-بەت، بەيرۇت-1996.

[56] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 8-جىلد، 392-بەت، بەيرۇت-1996.

[57] «الزهد والرقائق»، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، بەيرۇت-2004.

جىددىدە نەشر قىلىنغان[58].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «مۇسنەد» ناملىق يەنە بىر ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەسەردە 286 ھەدىس ۋە رىۋايەت بار. بۇ ئەسەر 1991-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[59].

ئۇنىڭ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىرى «ئەلبىررۇ ۋەسسىلە» بولۇپ، ئەسەردە 353 ھەدىس ۋە رىۋايەت بار. بۇ ئەسەر 1991-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان[60].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ شېئىرلىرىنى توپلىغان بىر دىۋانمۇ كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ دىۋان 2011-يىلى رىيادتا تۆتىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان[61].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «ئەسسۇنەن فىل فىقھ»، «ئەتتارىخ»، «ئەتتەفسىر» ناملىق ئەسەرلىرى مەنبەلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن[62].

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك 181 (797)-يىلى ۋاپات بولغان[63].

### ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مۇسا ئىبنى ئەبۇ مۇختار بازام

ئەبۇ مۇھەممەد ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مۇسا ئىبنى ئەبۇ مۇختار بازام كۇفى 120 (738)-يىلى ئەتراپىدا تۇغۇلغان. ئۇبەيدۇللاھ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، ئەئمەش، ئىبنى جۇرەيج، ئەۋزائى، مىسئەر ئىبنى كىدام، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، سۇفيان سەۋرى قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەيھ، يەھيا ئىبنى مەئىن، ئەبد ئىبنى ھۇمەيد، ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىجلىي قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان.

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مۇسا 213 (829)-يىلى ۋاپات بولغان[64].

خەلىلىي مۇنداق دەيدۇ: «كۇفىدە مۇسنەد تۈرى ئەسەر يازغان تۇنجى ئالىم ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مۇسادۇر»[65].

ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مۇسانىڭ «مۇسنەد» ناملىق ئەسەرنى يازغانلىقى مەنبەلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن.

### ئىبراھىم ئىبنى نەسر مۇتەۋۋىئىي

ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى نەسر خۇراسانىي مۇتەۋۋىئىي ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، جەرىر ئىبنى ئابدۇلھەمىد، ئەبۇ بەكىر ئىبنى ئەيياش قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا ئەبۇ زۇرئە، ئەبۇ ھاتەم قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان. مۇتەۋۋىئىينىڭ «مۇسنەد»

---

[58] «كتاب الجهاد»، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، جىددە-2009.

[59] «المسند»، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، بەيرۇت-1991.

[60] «البر والصلة»، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، بەيرۇت-1991.

[61] «ديوان الإمام المجاهد ابن المبارك»، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، رىياد-2011.

[62] «الفهرست»، ئىبنى نەدىم، 1-جىلد، 319-بەت، بەيرۇت-1978.

[63] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك قىسمى، ئاپتورى: راشىت كۈچۈك.

[64] «سير أعلام النبلا»، زەھەبىي، 9-جىلد، 553-557-بەت، بەيرۇت-1996.

[65] «الإرشاد في معرفة علماء الحديث»، ئەبۇ يەئلا قەزۋىينى خەلىلىي، 2-جىلد، 512-بەت، رىياد-1989.

ئىسىملىك بىر ئەسەرنى يازغانلىقى مەنبەلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، مەزكۇر ئەسەر كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن.

مۇتەۋۋئىي 213 (829)-يىلى ۋاپات بولغان[66].

### ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردە ئالاھىدە تېمىلار ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەر

ھەدىسنىڭ چوڭ ئىككى تۈر بويىچە رەتلىنىپ يېزىلغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. لېكىن ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردىن باشلاپلا زۇھد، جىھاد، ناماز، خىراج قاتارلىق ئايرىم تېمىلاردىمۇ ھەدىس يېزىلىش باشلانغان. بۇ تۈردىكى ئەسەرلەر جامىئ ۋە سۈنەنگە ئوخشاش تېما ئاساسىدا رەتلەنگەن بولسىمۇ، بەلگىلەنگەن بىر تېما ھەققىدە ئالاھىدە كىتاب يېزىلىشىنىڭ ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدىن ئېتىبارەن راۋاجلانغانلىقى ھەدىسلەرنىڭ يېزىلىشى ۋە بىرگە يېتىپ كېلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، تۆۋەندە ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالاھىدە تېمىلار ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ

ئەبۇ سۇفيان ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ ئىبنى مەلىھ رۇئاسى كۇفىي، 128 ياكى 129 (746-747)-يىللىرىدا ئىراقنىڭ كۇفە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ۋەكىئ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، سۇلايمان ئەئمەش، ئىبنى جۇرەيج، ئەۋزائى، ئىبنى ئەبۇ لەيلا، مىسئەر ئىبنى كىدام، ئىبنى ئەبۇ زىئب، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، سۇفيان سەۋرى قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدى، ھۇمەيدى، مۇسەددەد ئىبنى مۇسەرھەد، ئەلى ئىبنى مەدىنى، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، يەھيا ئىبنى مەئىن، ئەبۇ بەكىر ئىبنى ئەبۇ شەيبە قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان[67].

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: «ۋەكىئ ئىبنى جەرراھتەك ئىلىمنى ياخشى بىلىدىغان بىرىنى كۆرمىدىم» دېگەن[68]. ئىبنى ئەممار: «ۋەكىئنىڭ دەۋرىدە كۇفەدە ئۇنىڭدىن ئىلىملىكرەك ئادەم يوقتى» دېگەن[69]. يەھيا ئىبنى مەئىنمۇ: «ۋەكىئدىن پەزىلەتلىكرەك بىرىنى كۆرمىدىم» دېگەن[70].

ۋەكىئ ئىبنى جەرراھنىڭ بىر نەچچە ئەسىرى بار بولۇپ، بەزىسى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولسا، يەنە بەزىسى يېتىپ كەلمىگەن. كىتتانىي ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە «مۇسەننەف» ئىسىملىك بىر ئەسەرنىڭ بارلىقىنى بايان

[66] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 10-جىلد، 397-بەت، بەيرۇت-1996.

[67] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 9-جىلد، 142-بەت، بەيرۇت-1996.

[68] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 9-جىلد، 144-بەت، بەيرۇت-1996.

[69] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 9-جىلد، 146-بەت، بەيرۇت-1996.

[70] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 9-جىلد، 148-بەت، بەيرۇت-1996.

قىلغان بولسىمۇ[71]، لېكىن ئۇ ئەسەر كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. ۋەكىئنىڭ «زۇھد» ئىسىملىك بىر ئەسىرى بار بولۇپ، 539 ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئەسەر 1984-يىلى ئۈچ جىلد ھالىتىدە مەدىنىدە نەشر قىلىنغان[72].

ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ 197 (812)-يىلى ۋاپات بولغان[73].

### ئەسەد ئىبنى مۇسا

ئەبۇ سەئىد ئەسەد ئىبنى مۇسا ئىبنى ئىبراھىم ئەمەۋى مىسرىي 132 (750)-يىلى مىسىردا تۇغۇلغان[74]. ئەسەد شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئىبنى ئەبۇ زىئب، ھەمماد ئىبنى سەلەمە، جەرىر ئىبنى ئابدۇلھەمىد[75]، ئىسمائىل ئىبنى ئەييياش، سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە، شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ نەخەئىي، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك، ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەھب، فۇزەيل ئىبنى ئىياز، لەيس ئىبنى سەئد، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ[76] قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا ئەھمەد ئىبنى سالىھ مىسرىي، ئابدۇلمەلىك ئىبنى ھەبىب، رەبىئ ئىبنى سۇلايمان مۇرادى، سەئىد ئىبنى ئەسەد ئىبنى مۇسا، ھىشام ئىبنى ئاممار قاتارلىق ئالىملار دەرس ئالغان.

ئىبنى دەقىق ئىيد: «مۇسنەد تۈردىكى ئەسەر يازغان تۇنجى كىشى ئەسەد ئىبنى مۇسادۇر» دېگەن[77]. ئۇنىڭ بۇ سۆزى مىسىردا يېزىلغان تۇنجى «مۇسنەد»نى ئەسەد يازغان، دېگەن مەنىدە ئىزاھلانغان. ئۇنىڭ «مۇسنەد» ناملىق ئەسىرى كۈنىمىزگە يېتىپ كەلمىگەن، لېكىن «زۇھد» ناملىق بىر ئەسىرى كۈنىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەسەردە زاھىتلىقتا ئالاقىدار 104 ھەدىس ۋە رىۋايەت مەۋجۇت[78].

ئەسەد ئىبنى مۇسا 212 (827)-يىلى مىسىردا ۋاپات بولغان[79].

### ئەبۇ نۇئەيم فەزل ئىبنى دۇكەين

ئەبۇ نۇئەيم فەزل ئىبنى ئەمر (دۇكەين) ئىبنى ھەمماد كۇفىي 130 (748)-يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەئمەش، مالىك ئىبنى مىغۇەل، مىسئەر ئىبنى كىدام، سۇفيان سەۋرى، شۇئبە ئىبنى ھەججاج، ئەبۇ ھەنىفە، ئىبنى ئەبۇ لەيلا قاتارلىق ئالىملاردىن دەرس ئالغان. ئۇنىڭدىن بولسا ئىمام بۇخارىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىسھاق ئىبنى راھۇۋىيە، ئەبۇ بەكر ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ئەبد ئىبنى ھۇمەيد، ئەبۇ زۇرئە رازىي، ئەبۇ زۇرئە دىمەشقىي، ئەبۇ ھاتەم، ئىبراھىم ھەربىي قاتارلىق

[71] «الرسالة المستطرفة لبيان مشهور كتب السنة المصنفة» كەتتانىي، 40-بەت، بەيرۇت-1993.

[72] «الزهد»، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ، مەدىنە-1984

[73] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ۋەكىئ ئىبنى جەرراھ قىسمى، ئاپتورى: مۇھەممەد ئەمىن ئۆز ئافشار.

[74] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئەسەد ئىبنى مۇسا قىسمى، ئاپتورى: بىلال ساكلان.

[75] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 10-جىلد، 162-164-بەت، بەيرۇت-1996.

[76] «تهذيب الكمال»، ئەبۇ ھەججاج مىززىي، 2-جىلد، 512-513-بەتلەر، بەيرۇت-1980.

[77] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 10-جىلد، 164-بەت، بەيرۇت-1996.

[78] «كتاب الزهد»، ئەسەد ئىبنى مۇسا، مىسىر-1993.

[79] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئەسەد ئىبنى مۇسا قىسمى، ئاپتورى: بىلال ساكلان.

ئالىملار دەرس ئالغان[80].

ئەھمەد ئىبنى سالىھ: «ئەبۇ نۇئەيمدىن ئىشەنچلىكرەك ھەدىسچى كۆرمىدىم» دېگەن[81].

ئەبۇ نۇئەيمنىڭ «سالات (ناماز)» ناملىق بىر ئەسىرى بار بولۇپ، بۇ ئەسەر 1996-يىلى مەدىنىدە نەشر قىلىنغان. ئەسەردە نامازغا ئالاقىدار 349 ھەدىس بايان قىلىنغان[82].

ئەبۇ نۇئەيم 219 (824)-يىلى ۋاپات بولغان[83].

خۇلاسىلىگەندە، ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان ھەدىسنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئىسلامدىكى ئورنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق دىنىمىزنى ھەدىستىن ئايرىپ، تەدرىجىي ھالدا قۇرئانغىمۇ تىل ئۇزىتىش ئارقىلىق دىنىنى يوقىتىش دىن دۈشمەنلىرىنىڭ خىيالى بولۇپ كەلدى. ئەپسۇسكى بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارمۇ ئەنە شۇ دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناپ، ئۇلارنىڭ ئازغۇن يولىدا پىداكارانە كېتىپ بارماقتا. دەل شۇنداق پەيتتە ئىسلامنى تولۇق قوبۇل قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ئالىي قىلىشنى مەقسەت قىلغان بىر تۈركۈم سالىھ ۋە تەقۋادار ئۆلىمالار ھەدىس ئىنكارچىلىرى ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ رەزىل مەقسەت-مۇددىئالىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ ئۆلىمالار دىن دۈشمەنلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدە ۋە پرىنسىپلارغا قاراتقان ھۇجۇم خاراكتېرلىك سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي ئاساسلار بويىچە رەددىيە بېرىش ئارقىلىق، ئىسلام دىنىنى قوغداپ قىلىشقا ھەرىكەت قىلماقتا. شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان زۇلۇم ۋە ئازاب خەلقىمىزنى چىرمىۋالغان مۇشۇ كۈنلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى-سىرتىدا ئۆزىنى ئۆلىما چاغلىۋالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە تىل ئۇزىتىپ، ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلىشقا ئۆرۈنغان. ئۇلارنىڭ بۇ سەپسەتىلىرىگە ئىلمىي ئۇسۇلدا رەددىيە بېرىش بىلەن بىللە، ھەدىس تارىخىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم. يازغانلىرىمنىڭ توغرىسى ئاللاھنىڭ ئىنئامى، خاتالىرى بولسا نەپسىم ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىندۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ماقالىنى مۇقەددەس دىنىمىزنى قوغداش يولىدىكى بىر خىزمەت بولۇپ قېلىشقا نېسىپ قىلسۇن ۋە ماقالىنى يازغان، ئوقۇغان ۋە ئەمگىكى سىڭگەن پۈتۈن قېرىنداشلىرىمنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن، ئامىن!

[80] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 10-جىلد، 146-بەت، بەيرۇت-1996.

[81] «سير أعلام النبلاء»، زەھەبىي، 10-جىلد، 147-بەت، بەيرۇت-1996.

[82] «الصلاة»، ئەبۇ نۇئەيم، مەدىنە-1996.

[83] تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، ئەبۇ نۇئەيم فەزل ئىبنى دۇكەين قىسمى، ئاپتورى: مۇھەممەد ياشار كاندەمىر.

# شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى بىر قىسىم پائالىيەتلىرى



شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 9-قېتىملىق شۇرا يىغىنى 2023-يىلى 6-يانۋاردىن 8-يانۋارغىچە خەلقئارا مۇسۇلمان ئۆلىمالار ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئىستانبۇلدىكى مەركىزىدە ئېچىلدى.

9-قېتىملىق شۇرا يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا خەلقئارا مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئابدۇلۋاھاب ئېكىنجى، شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، تۈركىيە 22-نۆۋەتلىك پارلامېنت ئەزاسى پىروفېسسور دوكتور جەلال ئەرباي ۋە جامائەت ئەربابى ئابدۇلقادىر ياپچان قاتارلىق زاتلار ئىشتىراك قىلدى.

ئىككى كۈن داۋاملاشقان يىغىندا ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ئۆتكەن ئۈچ يىلدا قىلغان خىزمەتلىرى ھەققىدە دوكلات بېرىلدى ۋە بىرلىكىنىڭ نىزامنامىسى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلۈپ، بەزى ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلدى. ئۆزگەرتىلگەن ماددىلار ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ھېچقانداق تەشكىلات ياكى جامائەتكە رەسمىي ئەزا بولماسلىقى توغرىسىدىكى ماددا جىددىي مۇزاكىرە قىلىنىپ، بۇ ماددا ئەزالارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە سۇنۇلدى. ئاخىرىدا كۆپچىلىك ئەزانىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ ھېچقانداق تەشكىلات ۋە جامائەتكە رەسمىي ئەزا بولماسلىق قارارى نىزامنامىدە ئېنىق بېكىتىلدى. يىغىن ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈش ۋە 2023-يىللىق خىزمەت پىلانلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش قاتارلىق باسقۇچلار بىلەن داۋاملاشتى.

ئەركىن ئۆتكۈزۈلگەن سايلام نەتىجىسىدە دوكتور ئالىمجان بۇغدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسلىكىگە، دوكتور ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر شۇرا مەجلىسى رەئىسلىكىگە، ئۇستاز ئاتاۋۇللاھ داموللاھاجىم تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۇستاز مەھمۇدجان داموللام ئاخبارات ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۇستاز سىراجىدىن ئەزىزى تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم بايانات ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە ۋە رەسمىي باياناتچىلىققا، ئۇستاز مۇھەممەد ئۆمەر قاراجىم خەلق ئالاقىسى ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ئۇجاتلى باش كاتىپلىققا، ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن ھاجىم تەپتىش ھەيئىتى رەئىسلىكىگە سايلاندى.



شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئالىمجان بۇغدا باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت 2023-يىلى 23-فېۋرال تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسىدا زىيارەتتە بولدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ھەيئىتىنى تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى مۇئاۋىن رەئىسى دوتسېنت دوكتور سەلىم ئارگۇن كۈتۈۋالدى.

ئۇچرىشىش جەريانىدا ئالدى بىلەن 6-فېۋرال يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتى ئۈچۈن تەزىيە ۋە تەسەللىي بىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلدى. سۆھبەت جەريانىدا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسىغا قاراشلىق مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلدۇرۇش، ئىختىساسلىق ئۇيغۇر ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق بىر قىسىم مۇھىم نۇقتىلاردا ھەمكارلىشىش مۇزاكىرە قىلىندى.

ھەيئەت شۇ كۈنى يەنە تۈركىيە دىنىي ئىشلار ئالىي كېڭىشىدە زىيارەتتە بولدى. ھەيئەتنى دىنىي ئىشلار ئالىي كېڭىشى رەئىس ۋەكىلى دوكتور فاتىھ مۇھەممەد ئايدىن كۈتۈۋالدى.



ئۇچرىشىش جەريانىدا، ئالدى بىلەن 6-فېۋرال يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتى ئۈچۈن تەزىيە ۋە تەسەللىي بىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ خىزمەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى.


TÜRKİYE DİYANET VAKFI
TÜRKİYE DİYANET FOUNDATION
وقف الديانة التركي

Doğu Türkistan Ulemaları DERNEĞİ

| Tarih | Tutar |
|---|---|
| 23.02.2023 | 200.000,00 TRY |

**Deprem**
bağışınız Vakfımıza ulaşmıştır.


Vakfımıza göstermiş olduğunuz teveccüh dolayısıyla teşekkür eder,
yardımlarınızın Allah (c.c.) katında makbul olmasını dileriz.

*Sevdiğiniz şeylerden Allah yolunda harcamadıkça iyiye eremezsiniz.*
*Her ne harcarsanız, Allah onu hakkıyla bilir.*
Al-i İmran / 92

N4L1T8N7

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تۈركىيەنىڭ قەھرىمانماراش قاتارلىق ۋىلايەتلىرىدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدە زىيانغا ئۇچرىغانلارغا ياردەمدە بولدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى 2023-يىلى 6-فېۋرال تۈركىيەنىڭ قەھرىمانماراش ۋىلايىتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئون ۋىلايەتتە يۈز بەرگەن 7.6 ۋە 7.4 بال يەر تەۋرەش ئاپىتىدە زىيانغا ئۇچرىغانلارغا تۈركىيە دىيانەت ۋەقفى ۋاستىسى بىلەن 200 مىڭ لىرا ياردەم قىلدى.



شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ھەيئىتى 2023-يىلى 1-ئاپرېلدىن 15-ئاپرېلغىچە ھىندونېزىيە ۋە قاتاردا زىيارەتتە بولدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللام ۋە باش كاتىپ ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ئۇجاتلى 2023-يىلى 4-ئاپرېلدىن 15-ئاپرېلغىچە

ھىندونېزىيە ۋە قاتاردا زىيارەتتە بولدى.

ھەيئەت ھىندونېزىيە زىيارىتى جەريانىدا، ھىندونېزىيەدىكى ئەڭ چوڭ ئىسلامىي جامائەتلەردىن بىرى بولغان مۇھەممەدىيە جامائىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇللىرى، ھىدايەتۇللاھ جامائىتىنىڭ مەسئۇللىرى، پارلامېنت ئەزالىرى، ھىندونېزىيەنىڭ سولۇ شەھىرىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالار، دەۋەتچىلەر ۋە مەسچىت ئىماملىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

ھەيئەت مۇھەممەدىيە جامائىتىنىڭ مەسئۇللىرىنى جامائەتنىڭ مەركىزىدە زىيارەت قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى، زۇلۇمىنى يوشۇرۇش ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئالداش ئۈچۈن خىتاي ھىندونېزىيەدىن شەرقىي تۈركىستانغا ئاپىرىپ زىيارەت قىلدۇرغاندىن كېيىن خىتايىنى ماختاپ سۆز قىلغانلارغا يېتەرلىك رەددىيە بېرىپ بايانات ئېلان قىلغانلىقى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىغا قارىتا تۇتقان ئادىل مەۋقەسى ۋە تەنقىدى ئۈچۈن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى. ھەيئەت يەنە داڭلىق يۇتيۇب قاناللىرى، مەشھۇر دەۋەتچىلەرنى زىيارەت قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ھىندونېزىيەنىڭ مالاڭ شەھىرىدىكى «ئەررەھمە» تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا، سولو شەھىرىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قىزلار مەكتىپى قاتارلىق بىر قانچە مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تونۇشتۇردى.
















# كېرىيە ھېيتگاھ جامەسى

كېرىيە ھېيتگاھ جامەسى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ جامە بولۇپ، 800 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئۇ دىيارىمىزدىكى ئەڭ مەشھۇر جامە بولغان قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدىنمۇ چوڭ بولۇپ، قەشقەر جامەسىنىڭ خانىقا، مەدرەسە، باغچە ۋە سەيناسىنى قوشمىغاندا، ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتىنىڭ كۆلىمى كېرىيە جامەسىدىن كىچىك. كېرىيە جامەسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 13 مىڭ 449 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئادەتتە جۈمە نامىزىغا تۆت مىڭدىن ئالتە مىڭغىچە، ھېيت نامازلىرىدا 10 مىڭدىن 12 مىڭغىچە مۇسۇلمان كېلىپ ئازادە ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ جامە بۈگۈنگە قەدەر يەتتە قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنغان.

كېرىيە ھېيتگاھ جامەسى 1200-يىلى كىچىك بىر مەسچىت شەكلىدە بىنا قىلىنغان بولۇپ، كۆپ قېتىم كېڭەيتىلىش نەتىجىسىدە ھازىرقى جامە تۈسىنى ئالغان. 1665-يىلى كېرىيەدىكى مۆتىۋەر دىنىي زاتلاردىن موللا تىيىپ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق ئاخۇنۇم، ئەيساق ئاخۇنۇم قاتارلىق كىشىلەر كېرىيە ھېيتگاھ جامەسىنى كېڭەيتىپ رېمونت قىلىش توغرىسىدا يەكەندىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاھ خانغا بىر پارچە تەكلىپ سۇنىدۇ. بۇ تەكلىپ خان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، يەكەندىن مەخسۇس ئۇستىلار ئەۋەتىلىدۇ ھەم جامە ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر كۆچۈرۈلۈپ، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىغا تايىنىپ، جامەنى ئىككىنچى قېتىم كېڭەيتىپ رېمونت قىلىپ چىقىدۇ. ئۇلار شۇ ۋاقىتتا يەكەندىن ئون تۈپ چىنار دەرىخىنى يۆتكەپ كېلىپ، جامەنىڭ سەيناسىغا سالغان. شۇڭا كىشىلەر بۇ جامەنى بىر مەزگىل «چىنارباغ جامەسى» دەپمۇ ئاتاشقان. ئاشۇ چىنار



دەرەخلىرىدىن بىر قانچە تۈپى تېخى يېقىنقى يىللارغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ، كېيىنچە جامەنى كېڭەيتىشتە قۇرۇلۇشقا تاقىشىپ قالغانلىقتىن كېسىۋېتىلگەن.

1947-يىلى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئىسمايىلخان كېرىيە تەۋەسىدىكى مۇنەۋۋەر دىنىي زاتلار ۋە ھەر قايسى يېزا بەگلىرىنى يىغىپ، كېرىيە جامەسىنى كېڭەيتىپ ياساش ھەققىدە كېڭەشىدۇ ۋە ھەممەيلەننىڭ ماقۇللىقىنى ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ كېرىيە جامەسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1947-يىلى 10-ئايدا باشلىنىپ، 1949-يىلى پۈتۈپ چىقىدۇ. كېيىن 1985-يىلىدىن 1988-يىلىغىچە يەنە رېمونت قىلىنغان بولۇپ، ئاخىرقى 7-قېتىملىق چوڭ رېمونت 1997-يىلى باشلىنىپ 1998-يىلى پۈتكەن.

2016-يىلىدىن باشلاپ خىتاي كوممۇنىست رېجىمى كېرىيە ھېيتگاھ مەھەللىسىنى ئەتراپىدىكى مەھەللىلەر بىلەن قوشۇپ بۇزۇپ تاشلىغان. دەسلەپتە ئۇ جايلاردىكى ئۆي-ئىمارەتلەرنى چېقىپ تاشلىغاندىن كېيىن، كېرىيە جامەسىنى يالغۇز قالدۇرغان بولۇپ، 2018-يىلى 800 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ جامەنى ۋەيران قىلىۋەتكەن. ھازىر گۇگۇل خەرىتىسىدە بۇ مەسچىت كۆرۈنمەيدۇ.




# ئاپتورلىرىمىز سەمىگە:

ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ژۇرنال مەسئۇلى ۋە تەھرىر ھەيئىتىدىكى جاپاكەشلەرنىڭ ھىممىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 7-سانى سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ژۇرنىلىمىز ھەر يىلدا ئىككى سان نەشر قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ - ئەخلاق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە، ئىقىم مەسىلىلىرى، مەشھۇر ئۆلىمالارنىڭ تەرجىمىھاللىرى... قاتارلىق دىنىمىزغا ئالاقىدار ھەرقايسى تېمىلاردا ماقالە قوبۇل قىلىدۇ.

تۆۋەندە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەسەر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئاپتورلىرىمىز سەمىگە سالماقچىمىز:

1. ماقالە مەزمۇنى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ئۆلىمانىي ئىدىيەلەر ياكى ئوتتۇرا يولدىن چەتنىگەن ئاشقۇن پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
3. ئۆچمەنلىك ۋە پىتنە تارقىتىش خاراكتېرىدىكى ماقالىلەر بولماسلىقى كېرەك.
4. شەخس ۋە كوللېكتىپلارغا قارىتا ھاقارەت تۈسىنى ئالمىغان بولۇشى كېرەك.
5. مىللىتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىگە ئالاقىدار رىغبەت ۋە ئۈمىدۋارلىق نۇقتىسىدىن يېزىلغان مۇلاھىزە ماقالىلىرى، شۇنداقلا تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ھاياتى يورۇتۇلغان، مۇھاجىرەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ئۈمىد، ئىلھام، ئىپتىخار بېغىشلايدىغان ماقالىلەر ئالدىن ئويلىشىلىدۇ.
6. ماقالىلەر ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا يېزىلغان بولۇشى، گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
7. ئايەت، ھەدىسلەر ۋە باشقا نەقىل مەنبەلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات شەكلىدە بېرىلىشى كېرەك.
8. ئايەتلەرنىڭ تېكىستى گۈللۈك ﴿ ﴾ تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ھەدىسلەرنىڭ تېكىستى چوڭ [ ] تىرناق ئىچىگە، تەرجىمىسى قوش « » تىرناق ئىچىگە، ئىزاھاتلار بەت ئاستىغا ئېلىنىشى كېرەك.
9. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى قوشۇپ ئەۋەتىلىشى كېرەك.
10. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ماقالىلەر چوقۇم ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
11. مەيلى ئىجادىي بولسۇن، ياكى تەرجىمە بولسۇن، تېما تاللىغاندا مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇرلارغا يېڭى ھېسابلىنىدىغان تېمىلارنى تاللاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.




شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەتقىقات مەركىزى مۇدىرى ئۇستاز مۇھەممەد يۇسۇپ تەرجىمە قىلغان «تەپسىرى مۇيەسسەر» قايتا تەھرىرلىنىپ، بۇ يىل رامىزان ئېيىدا ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

«تەپسىرى مۇيەسسەر» دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن يۈزلىگەن مۆتىۋەر تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان ۋە تەپسىر ساھەسىدە ئالاھىدە تونۇلغان كاتتا مۇپەسسىرلەر تەرىپىدىن تەييارلانغان تەپسىر بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 30 نەچچە تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.